ئابدۇسەمەت خېلىل
ئابدۇرېھىم ئىسمايىل



# زەرەپشان چېچەكلىرى

مىللەتلەر نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئابدۇسەمەت خېلىل
ئابدۇرېھىم ئىسمايىل

# زەرەپشان چېچەكلىرى

مەسئۇل مۇھەررىر: ياسىن ھاۋازى

مىللەتلەر نەشرىياتى

ئابدۇسەمەت خېلىل
ئابدۇرېھىم ئىسمايىل

زەرەپشان چېچەكلىرى

مەسئۇل مۇھەررىر: ياسىن ھاۋازى
مەسئۇل كوررېكتور: نۇربىيە ئەزىز
مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن
نەشر قىلىندى
شىنخۇا كىتاپخانىسى تەرىپىدىن تارقىتىلدۇ
مىللەتلەر باسما زاۋۇدىدا بېسىلدى
1982ـ يىل 8 ـ ئايدا 1ـ قېتىم نەشر قىلىندى
1982ـ يىل 8 ـ ئايدا بېيجىڭدا 1ـ قېتىم بېسىلدى
باھاسى: 0.32 يۈەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# مۇندەرىجە

## ئابدۇسەمەت خېلىل

## زەرەپشان چېچەكلىرى


پارچىلار .............. 2
مەنمۇ شۇنداق شائىر بولىمەن....... 3
كوكۇل ئارزۇسى......... 5
ئەمگەك.............. 5
ئۇسمۇرلەر قوشىغى........... 6
ياشا ئارمىيە .......... 7
ئۇغۇت ۋە يەر........... 8
يەركەن (داستان)............ 10
ساۋاق ............. 24
مېهنەت قىلساڭ شۇنداق قىل...... 24
كەلدىم ............. 26
ئالتۇن ۋە يالقۇن ......... 27

ئۇستازىم ئۇچۇن.............27
پارچىلار..............28
يېزىدىكى يارىمغا..............29
ئانا سوزى..........30
جەڭچى ناخشىسى.............31
سالام يېزام...........32
يۇلغۇن چېچىگى...........33
ئانا يەر...........35
ئانا يەر ھەققىدە...........36
ئانا..........37
ئىنسان ھەققىدە...........39
گوھەر كول..........39
ۋەتىنىم...........41
ۋەتەن ھەققىدە...........43
ئىنتىزارلىق (چاتما)...........44
نەپرەت...........44
پۇشايمان...........45
قەسەم...........45
ئايرىلدىم...........45
يوق...........46
ياشلىق كوچۇپتۇ...........46
بىر كۈن...........47

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

باھار ئۈمىدى ............ 48
مۇھەببەت لىرىكىلىرى (چاتما) ........ 49
ئەقىدە ............ 49
ئۈمىدىم شۇ ............ 50
ھىجران ............ 51
ۋاپاسىزغا ............ 52
سۆيگۈنۈڭ يالغان ............ 53
باھار ناخشىلىرى (چاتما) ........ 53
باھار ............ 53
چېچەك ............ 54
توزىماس گۈل ............ 55
باغۋەن قەلبى ............ 56
پارچە ............ 57
يېڭى يىلغا مەدھىيە ............ 57
ئۇزۇن سەپەر ناخشىسى ............ 58
ۋەتەن مېھرى ............ 59
ۋەتەن ھەققىدە پارچىلار ............ 61
جەڭچى بولساڭ ............ 62
ۋەتەن ئۈچۈن ............ 62
يۈكسەل، ئايكول ............ 63
رەھبەر بولساڭ ............ 66
باغۋەن مۇھەببىتى ............ 67

زەرەپشان چېچەكلىرى .......... 68
كومپارتىيەم .............. 72
ئالتۇن نۇرغا پۈركەندى يېزام ...... 73
ۋەتەن تويىغا .............. 74
يولداش ................ 76
مۇقام ئۇستازىغا مەدھىيە.......... 78
"دورا" .............. 80
رۇبائىلار ۋە پارچىلار.............. 83

## ئابدۇرېھىم ئىسمايىل

## چىمەنزار

ئوقۇتقۇچىمەن ............. 92
گۈل ۋە شامال............... 94
سويگۇم ................. 95
تال ۋە ئېقىن ............. 96
باھار جامالى (مۇخەممەس) ......... 97
بىر تال سەرەڭگە.............. 100
ئېتىز ................. 102
جياۋ يۈيلۇغا ............... 103
غالىپ قوشۇن (مۇخەممەس) ......... 105
قادىر ھېزىم ھەققىدە مەرسىيە ....... 107

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

سولدا ................ 109
رۇبائىلار ۋە پارچىلار ........... 112
ئاخشىمى (غەزەل) ........... 119
ئەي رىزۋانگۇل، سىزنى ھەرگىز
ئۇنۇتمايمىز! ............... 120
ھاراقكەشنىڭ شىكايىتى (ساتىرا) ...... 122
ئىتتىپاق ئەزاسىمەن ......... 133
يار بىلەن (غەزەل) ........... 135
دىۋە بىلەن بوۋاي (چۆچەك) ....... 136
كۆيلە، راۋابىم! (مۇخەممەس) ....... 148
يىلتىز ۋە تۇپراق ............ 151
ئۇلۇغ زۇڭلى (مۇخەممەس) ....... 152
پۇكەي ئالدىدا ............. 155
بوۋاينىڭ سوزى ........... 157
ۋاقىتنى قەدىرلە، دوستۇم! (غەزەل) .... 158
ئېتىزدا (غەزەل) ............ 160
شائىرغا (مۇخەممەس) ........... 161
يېزا دوختۇرى (غەزەل) .......... 164
گۈزەل كەلدى (غەزەل) .......... 165
ۋەتەنگە مۇھەببەت (قەسىدە) ....... 167
تاڭ شامىلىغا (مۇخەممەس) ........ 170
قىشلاقتا باھار (غەزەل) .......... 172

گۈل (غەزەل)..............174
يېزا قىزى (غەزەل)..........175
قوغۇن ھەققىدە غەزەل..........177
مۇقامىم، يەنىمۇ ياڭرا! (مۇخەممەس)...179
تۇگىمەس بايلىق (چۆچەك).........182
يولداش، مېنى كەچۈرۈڭ!.........202
سالامىڭدىن................206

ئابدۇسەمەت خېلىل

# زەرەپشان چېچەكلىرى

# پارچىلار

كۆيلەش ئۈچۈن نەۋ باھارىمنى،
ھاياتىمدىن يېڭى بەت ئاچتىم.
يۈرىگىمدىن پارتلىدى ئىلھام،
ئىجادىمدىن ئۈنچىلەر چاچتىم.

*

ئىزلىمەيمەن نامۇ-شوھرەتنى،
ۋە ئۈنىڭدىن قىلمايمەن تاما.
شېئىرىمدىن ھوزۇرلانسا ئەل،
شۇدۇر يۈكسەك شان-شەرەپ ماڭا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# مەنمۇ شۇنداق شائىر بولىمەن

— لۇتپۇللا مۇتەللىپنى ئەسلەپ

ئۇلۇغ شائىر ل. مۇتەللىپنى،
ئەسلەپ يازدىم يالقۇنلۇق قوشاق.
تىلغا ئالسام شانلىق نامىنى،
مۇڭلىنىمەن ئويلىنىپ ئۇزاق...

دەيمەن: قېنى ۋەتەن ئىشقىدا
چوغدەك يانغان كۈرەشچان ئوغلان؟
يەتمەي تۇرۇپ ئارزۇ-ۋەسلىگە،
ئارىمىزدىن كەتتىڭىز قايان؟

جانىنى پىدا قىلغان ئىدى ئۇ،
تاڭ نۇرىغا بولۇپ پەرۋانە.
باتۇر يىللار كۈيچىسى ئىدى،
ھېچنىمىدىن قورقماس، مەردانە.

يۇتۇپ كەتتى ئۇنى جاھالەت،
(ياشىغىلى قويمىدى زامان.)

ئۇنىڭ ياشلىق غۇنچە گۈلىنى،
مۇدھىش جۇدۇن ئەيلىدى خازان.

لېكىن شائىر قىسقا ئۇمرىدە
ئېسىل خىسلەت قالدۇرۇپ كەتتى؛
قەلىمىدىن چىقىرىپ ئۇچقۇن،
دىللاردا ئوت ياندۇرۇپ كەتتى؛

ئوز ئەجرىدىن سەنئەت بېغىنى
گۈل-چېچەككە تولدۇرۇپ كەتتى؛
دۈشمەنلەرنى يىغلىتىپ ھامان،
دوستلارنى شات كۈلدۈرۈپ كەتتى؛

ئۇنىڭ پارلاق ئوبرازى، نامى
ساقلىنىدۇ خەلقىم دىلىدا؛
باتۇرلۇغى بولۇپ ناخشا-كۈي،
جاراڭلايدۇ ئەلنىڭ تىلىدا.

مېنىڭ ئۇنىڭ شانلىق ئىزىدىن،
مەنمۇ شۇنداق شائىر بولىمەن.
يۈرىگىمگە تۇتاشتى بىر ئوت،
ئىجادىمدا ماھىر بولىمەن.

1955-يىل يانۋار.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## كوڭۇل ئارزۇسى

شائىر ئىجادى ياڭراق كۈي بولۇپ،
دىلنى شاتلىققا چومدۇرەلىسە؛
ئەلگە بېغىشلاپ ئۈمىت ۋە ئىشەنچ،
گۈزەل مەنزىلگە ئۈندىيەلىسە.

ئاپىرىن! — دەيتتىم شۇنداق شائىرغا،
ھورمەت تۇيغۇسى تېشىپ قەلبىمدە.
سۆيۈپ ئوقۇيتتىم شېئىرلىرىنى،
چىن يۈرىگىمدىن باغلاپ ئەقىدە.

1955 ـ يىل سېنتەبىر.

## ئەمگەك

ئەمگەك ئۇلۇغدۇر، ئۇ بىلەن ھايات
خۇددى قارىغايدەك ياشنار ياپ ـ يېشىل.
ئەمگەك سۆيگەنلەر تاپىدۇ بەخت،
ئەمگەك دەۋرىمدە شۇنداق ئەڭ ئېسىل.

ئەمگەك گۈزەلدۇر، ئۇ بىلەن ھايات
ئېچىلدۇرىدۇ چوللەردە چېچەك.
شۇ گۈل-چېچەكتەك تۇزىماي مەڭگۈ،
چىن ئەمگەك بىلەن گۈللەر كېلىچەك.

بىزنىڭ بۇ ئەلدە ئەمگەك قەدىرلىك،
ۋايىغا يېتىپ تاپماقتا كامال.
شۇ ئەمگەك بىلەن ئانا ۋەتىنىم،
كۈنسېرى ئايدەك ئاچماقتا جامال.

ئەمگەك بىباھا، ئاڭا كويگەنىنىڭ
بەختى غۇنچىدەك ئېچىلار شەكسىز.
كىمكى مېھنەتكە ئاتىسا ئۆزىنى،
تاپىدۇ ئىقبال يولىنى چەكسىز.

1956 - يىل ماي.

## ئوسمۇر قوشىغى

مېنىڭ ئىسمىم گۈلەمبەر،
كىردىم ئانا مەكتەپكە.
ئوقۇپ بىلىم ئالىمەن
چوغدەك قىزىل يۈرەككە.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

دەپتەر، قەلەم، كىتاپنى
ئېلىپ بەردى ئاكام نۇر.
ئىگەللەشكە ئىلىم-پەن
غەيرىتىم بار شۇنچە زور.

ساۋاق ئېلىپ ئۇستازدىن،
كۈچ-ئەقلىغا تولىمەن.
ۋەتەن ئۈچۈن، خەلق ئۈچۈن،
ئىقتىدارلىق بولىمەن.

1957-يىل سېنتەبىر.

## ياشا ئارمىيە

شانلىق، باتۇر ئارمىيە،
گۇمران قىلدىڭ دۈشمەننى.
زەپەرسىبىرى كۆلدۈردۈڭ،
مىليون يوقسۇل دەرتمەننى.

ئۇزۇن يوللۇق سەپەرنى
كەچۈردۈڭسەن بېشىڭدىن.
ئەلگە تۇھپە يارىتىڭ،
قىلغان ھەر بىر ئىشىڭدىن.

نامىڭ سىنىڭ مۇقەددەس،
سويەر خەلق دىلىدىن.
ئىش ئىزىڭنى مەدھىلەپ،
چۇشۇرمەيدۇ تىلىدىن.

غەيرىتىڭگە ئاپىرىن،
ياشا، قۇتلۇق ئارمىيە!
جەڭ ـ كۇرەشتە يېڭىلمەس،
قەلبى ئوتلۇق ئارمىيە.

1958 ـ يىل ئاۋغۇست.

## ئوغۇت ۋە يەر

ئوغۇت:
"پاسكىنا دەپ يىرگىنىپ،
مېنى ھەر يان تاشلايسەن.
تۇرسام يەرنىڭ ئوزىغى،
تېخى يەنە يىغمايسەن.

ھوسۇل ئۇچۇن كېرەكتىم،
بۇنى ياخشى بىلگەنگە.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئاغرىتىمەن دىلىمدا،
مېنى دەسسەپ يۇرگەنگە.

مېنى يىغىش چېغىڭ بۇ —
ئۇنۇتمىغىن ھېچقاچان.
زېرىكمەستىن توپلىغىن،
مېنى كورسەڭ ھەرقاچان."

يەر:
"ئوغۇتلىماي تويغىچە،
ئەيىپلەيسەن ئاجىز دەپ.
ئالالىمساڭ مول ھوسۇل،
ماڭا توقۇپ ھەر خىل گەپ.

ئوغۇت — مېنىڭ يېغىم ئۇ،
ئورۇقلايمەن قۇرۇسا.
ھوسۇللىرىم كەم چىقار،
كۈچ-قۇۋۋىتىم بولمىسا.

ئوغۇتلىساڭ تويغىچە،
خوش قىلىمەن دىلىڭنى.

بىرىپ ساڭا مول ھوسۇل،
قەن قىلىمەن تىلىگىنى.“

1959 ـ يىل ئاپرېل.

# يەركەن

(داستان)

يەركەن نامىڭنى تىلىمغا ئالسام،
ئەسكە چۈشۈدۇ ئۆتمۈشۈڭ شۇ چاغ.
ۋۇجۇدۇم تىترەپ، رەڭگىم ئۇچۇدۇ،
قويغانتى سەندە ئۆتمۈش قارا داغ.

ئازات قوينۇڭدا ئوز ئىجادىمدا،
تارىخىڭ يازماي قانداقمۇ تۇراي؟!
كەچسەممۇ كېچەي شىرىن ئۇيقۇدىن،
گاڭ قەلەم بىلەن ئۇنچىلەر تىزاي.

قېودا للارنىڭ زۇلۇم زەنجىرى
باغلىۋالغانتى سېنىڭ بوينۇڭدىن.
خەلق زۇلمەتتە، ئاھۇ ـ پەرياتتا،
قانلار يۇتاتتى دەرت ـ ئەلەم، موڭدىن.

ھەتتا تۇغۇلغان كىچىك بوۋاقمۇ،
يىغلاپ سالاتتى ئىچىپ كوزىنى.
ئانىلارنىڭمۇ باغرىنى تىلىپ،
سارغايتقان ئىدى گۈلدەك يۈزىنى.

"ئۆلمەك ئۈستىگە تەپمەك" دېگەندەك،
يېغىپ تۇراتتى قاتمۇ-قات ئالۋاڭ.
باي ۋە غوجاملار "ئەقىلدار" ئىدى،
ئەمگەكچىلەرنى دەر ئىدى "گالۋاڭ".

ئەتراپنى باسقان قاراڭغۇ كۈنلەر،
"ھەق" دېسەڭ پۈتقا چۈشكەن كىشەنلەر.
قانچە جاپاكەش تىرىك كومۇلگەن،
ھالاۋەت كورگەن باي مۈت كىپەنلەر...

مىسالغا ئالسام داستانغا پاتماس،
كورسىتەي ئۈنىڭ مىڭدىن بىرىنى.
يۈرىگىنى يەپ ياقۇپ توختىنىڭ*
غازاڭ قىلغانتى غۇنچە گۈلىنى.

---

* ياقۇپ توختى — يەركەن ناھىيىسىنىڭ ياقرىق يېزىسىدىكى ئوقۇتقۇچى بولۇپ، 1946-يىلى 1-ئايدا گومىنداڭچىلار ئۆيۈشتۇرغان "توقماق-

منڭ بىر ئازاپتا ئەنۋەر يۇسۇپنى*
تىرىكلا يۇتتى يەركەن تۇرمىسى.
مەقسىدى ئۇنىڭ ئىنقىلاپ ئىدى،
ئېچىلماي كەتتى ئارزۇ غۇنچىسى.

ئەلنى قاخشىتىپ دەۋران سۈرۈشتى،
جاللات پاسار ھەم قانخور سەيدۇللا**.
"كوممۇنىست"دەپلا ياشلارنى تۇتۇپ،
يەرگە كومۇشتى ئاشۇ ساتقۇنلار.

ھاشىم ھەم تۇردى*** يوقالدى شۇنداق،
بۇنىڭغا تارىخ بەتلىرى گۇۋا.

---

چىلار" شايكىسى ئۇنى "3 ۋىلايەت ئىنقىلاۋىنىڭ ئىشپىيونى" دېگەن بانا بىلەن يۇرتىگە نەيزە سانجىپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن.

* ئەنۋەر يۇسۇپ — 1947 - يىلى پۈتۈم ئاساسىدىكى ئۆلكىلىك ھوكۇمەت تەرەپتىن خىزمەتكە ئەۋەتىلگەن مائارىپ نازارىتىنىڭ خادىمى ئىدى. بۇنى شۇ يىلى جۇ فاڭگاڭ جاللاتلىرى قورچاق ۋالى مەھكىمىسىنىڭ تۇرمىسىدە مەخپى ئۆلتۈرۈۋەتكەن.

** پاسار — يەركەن ۋىلايىتىنىڭ قورچاق ۋالىسى. سەيدۇللا — قورچاق جىڭساجۇينىڭ باشلىقى. بۇ خائىنلارغا 1951 - يىلى ئۆلۈم جازاسى بېرىلدى.

*** ھاشىم — 3 ۋىلايەت ئىنقىلاۋىدا پولكوۋنىك ئىدى. تۇردى — پود

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

شۇ ئاي، شۇ كۈنلەر ئېيتىپ باقسۇنچۇ،
بارمىدى بۇلاردا زەررىچە گۇنا!؟

يەنە بار ئىدى جېڭجىبۇ* دىگەن،
ئازاپلىغۇچى مەخپى ئىدارە.
قىيناپ ياشلارنى جادۇغا باسقان،
بۇڭا مەھبۇستا يوق ئىدى چارە.

قاغىلىق خەلقىنى قۇل قىلغان ئىدى،
بىرلا تۇخۇمدىن بىرنەچچە چايان**.
بىرى ھاكىمتى، قالغانلىرى بەگ،
قايسى بىركىشى چەكمىگەن پىغان!؟

پولكوۋنىك ئىدى. بۇلار پۈتۈمدىن كېيىن ئۆز يۇرتى — قاغىلىققا كەلگەندە گومىنداڭ تەرەپتىن تۇرمىگە ئېلىنىپ، زەھەرلىنىپ ئۆلتۈرۈلگەن.

* جېڭجىبۇ — قاغىلىقتىكى گومىنداڭنىڭ ھەربى ھەم سىياسى ئىدارىسى، يەنى ئىلغار زىيالىلارنى قاماش ئورنى.

** بىرنەچچە چايان — بىر ئائىلىدىن چىققان ھېلىم قورچاق (ھاكىم)، ھېيت قورچاق، سېلىم قورچاق، ھاپىز قورچاق دىگەن بەگلەر قاغىلىق خەلقىنىڭ ئۈستىدە ئازاتلىققا قەدەر قانلىق قامچىسىنى ئويناتقانلار (قورچاق شۇلارغا خەلق تەرەپتىن قويۇلغان لەقەم).

بار ئىدى يەنە مىڭجىڭچۇ* دىگەن،
جاسۇسلار ئورنى قارا ئىدارە.
ئۇندا يوشۇرۇن قىيىن-قىستاقتا،
ئۆلتۈرۈلگەنتى قانچە بىچارە.

ئابلىمىت بىلەن مەھەممەتلەرمۇ**
ھىچبىر گۇناسىز ئايرىلغان جاندىن.
ئوچۇق كەتكەنتى ئۇنىڭ كوزلىرى،
خوۋلۇق كورەلمەي ئاشۇ زاماندىن.

قورچاق ھەربىلەر،
مەتقاسىمنىڭمۇ***،
مۈلكىنى بۇلاپ، ئاتتى ئوزىنى.

---

* مىڭجىڭچۇ — پاسارنىڭ باشقۇرۇشى ئاستىدىكى ھەربى تۇزۇمدىكى ئىشپىيونلۇق ئىدارە.

** ئابلىمىتجان — ئىلغار زىيالى. ئۇ يەركەندە "توقماقچىلار" تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن. مەھەممەت نىياز — پوسكاملىق زىيالى. 1947 - يىلى 6 - ئايدا پوسكامدىكى "توقماقچىلار" شايكىسى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن.

*** مەتقاسىم — 1946 - يىلى 1 - ئايدا 3 ۋىلايەت ئىنقىلاپچىلىرى تەرىپىدىن قاغىلىق ئازات بولغاندا، مۇئاۋىن ھاكىم بولغان. كېيىن گومىنداڭ ھەربىلىرى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىرىكى ئادرېسى

تامنىڭ ئاستىغا تىرىكلا كومدى،
رەھىمسىزلەرچە راشىت مۇپتىنى*.

پۈتۈمدىن كېيىن غالجىرلاشقانتى،
ئۆششۈك ھەربىردەك گومىنداڭ جاللات.
قانچە ياشلارنى تۈرمە ئىچىدە،
زەھەر ئىشلىتىپ قىلغانتى بەربات.

تارىم، زەرەپشان مۇڭلۇق ئاقاتتى،
چۈنكى مەھبۇسلار ئېغىر قىيناقتا.
سوراق قىلاتتى گومىنداڭ جاللات،
ھايۋاندەك ئۇرۇپ كالتەك ـ تاياقتا.

جۇ فاڭگاڭ** دىسە، ھەممە خەلقنىڭ
غەزىۋى تېشىپ تۇرۇلگەن مۇشتى؛
دېڭىزدەك ئېقىپ كوچىلار ئارا،
نامايىش قىلغان مىڭلىغان كىشى.

---

* راشىت مۇپتى ــ قاغىلىقتىكى ئۇلىغار زاتلارنىڭ بىرى. شۇ چاغدا گومىنداڭچىلار قاغىلىق تۈرمىسىدە ئۇنى تىرىك كومگەن.

** جۇ فاڭگاڭ ــ 1944 ـ يىلدىن 1947 ـ يىلغىچە يەركەن خەلقىنىڭ قېنىنى ئىچكەن ئەڭ ئەشەددى قورچاق ۋالىلارنىڭ بىرى.

بۇ نامايىشتىن قورققان جاللاتلار
ئوق ئاتقان ئىدى خەلق تەرەپكە.
قوزغال مارشىنى ئوقۇپ خەلقىمىز،
ئىنقىلاپ ئۈچۈن ماڭغان كۆرەشكە.

*

خەلقنى يىغىپ ھەر بىر دوقمۇشتا،
ئازاتلىق ئۈچۈن سوزلىدۇق قورقماي.
دىدۇق: "قېرىنداش، ئازاتلىق ئۈچۈن —
كۆرەش قىلايلى مۇڭلىنىپ ياتماي.

نىمىشقا زادى مىليونلاپ ئىنسان
دۈشمەن قولىدا ئېزىلىپ ياتتۇق؟!
بىر ئوچۇم تىرىكتاپلار زۇلمىنى
نىمە سەۋەپتىن شۇنچىلا تارتتۇق؟!

ئويلايلى قېنى ئېزىلگەن خەلق،
مۇشۇ دۇنيانى ياراتقان بىزغۇ!
ئېغىر مېھنەتتە جاپالار چېكىپ،
'باي' ھەم 'غوجام'نى باققانلار بىزغۇ!؟

مىڭ مۇشەققەتتە ئۇستۇرسەك كېۋەز،
قەۋەتلەپ تونى 'بېگىم'لەر كىيسە؛

'شۇكرى ـ قانائەت' قىلامدۇق شۇنداق،
سەكسەن ياماقنى 'قەرز'گە بەرسە!

ئەمگەكچى خەلق ئىشلەپ يالاڭغاچ،
دۇنيادىن شۇنداق ئۆتۈۋېرەمدۇ؟
ئەمگەك قىلماستىن ئۇڭدا ياتقانلار
باياشات تۇرمۇش كۆرۈۋېرەمدۇ؟

قوزغىلايلى بىز زۇلۇمغا قارشى،
تۇگمىدى بىزدە سەۋىر ھەم تاقەت.
يوقىتىلسۇن ئۇ ئەزگۈچى شۇملار،
بىزلەر كۆرەيلى تەڭلىك ـ ئادالەت.

بىزلەر ھەقلىقمىز مېھنەت سۆيگەنلەر،
توق تۇرمۇش بىلەن خۇشال ياشاشقا.
تېكىنخورلارنىڭ ھەققى يوق بۇڭا —
مېھنىتىمىزنى بۇلاپ ـ تالاشقا.

'ئۇژمە يېش ھەم ئاغزىمغا چۈش' دەپ،
يېتىۋەرمەيلۇق زۇلۇم قوينىدا.
شۇندا ئازاتلىق كېلىدۇ چوقۇم،
بىرلىشىپ قىلغان كۆرەش يولىدا.

كۇرەش قۇربانسىز بولمايدۇ ئەسلا،
قېنى قېرىنداش ئاتلىنايلى بىز!
ئۇلۇمدىن شۇڭا قورقمايلى ئەبەت،
زالىملار بىلەن ئېلىشايلى تېز..."

كوزلەردە غەزەپ ئوتلىرى يېنىپ،
مېھنەتكەش قوشۇن تىزىلدۇق سەپكە.
قۇدرەتلىك غالىپ كۇچىمىز بىلەن،
دۇشمەنگە بەردۇق ئەجەللىك دەككە.

قوللارغا ئېلىپ ئوغاق، بولقىنى،
دېڭىزدەك تاشتۇق كۇرەش سېپىدە.
"ئازاتلىق ئۇچۇن جاننى ئاتىدۇق،
قاراڭغۇ تۇن ۋە زۇلمەت ئىچىدە."

قوزغالدۇق شۇندا ھەممە بىرلىشىپ،
زۇلۇمغا قارشى قۇربانلار بېرىپ.
ئۇلۇپ تۇرساقمۇ ھەر بىر قەدەمدە،
ئالغا ئاتلىدۇق كوكرەكنى كېرىپ.

گومينداڭچىلار غالجىرلاشسىمۇ،
ئىرادىمىزنى بوشاتمىدۇق ھېچ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تاش، توقماق بىلەن بۇرنىغا يېگەچ،
ئارام ئالغۇدەك بولالمىدى تېچ.

رەھىمسىز يىللار ئۆتتى بىر-بىرلەپ،
ۋە لېكىن ھامان قەلبىمىز ئويغاق.
ئۇچۇر بەرگەندە غۇر-غۇر شامالLلار،
يەنئەن تەرەپكە سالدۇق بىز قۇلاق.

*

قىزىل بايراقنى كوككە كوتىرىپ،
ئارمىيە كېلىپ كۆلدى كائىنات.
تەشەككۇر ئېيتتۇق ئۇلارغا دىلدىن،
يوقسۇللار بولغاچ زۇلۇمدىن ئازات.

قارا بۇلۇتلار ئۇچۇقتى كوكتىن،
قۇياش نۇرىنى چاچقاچ شەرقتىن.
بەھرىمەن بولۇپ بۇ نۇردىن خەلقىم،
دۇنياغا كەلدى گويا باشقىدىن.

يادلىدى شۇڭا خەلقىم دىلىدا،
پارتىيە دىگەن ئۇلۇغۋار نامىنى.
چېكىنمەي پەقەت كۇرەش قويندا،
يېتەكلەپ ماڭغاچ ئىشچى-دىخانىنى.

فېودالللارنىڭ پېيىنى كەستى،
يۇرگۈزۈپ ئۇلۇغ يەر ئىسلاھاتى.
ئەمگەكچى خەلق يەر، سۇلۇق بولۇپ،
ياشنىدى گۈلدەك تۇرمۇش، ھاياتى.

ئەزگۈچىلەردىن ئەنتىنى ئېلىپ،
جاپاكەش خەلقىم بولدى بەك خوشال.
ئانا ۋەتەنگە بولۇپ خوجايىن،
ئۇملۇشۇپ ئىشلەپ تاپماقتا كامال.

*

ئۇركەشلەپ ئاقتى يەركەن دەرياسى،
تاپقاچ ئۆزىنىڭ كامالىتىنى.
ھەرتامچە سۈيى قىلدۇ تەمىن —
مول مەھسۇلاتنىڭ كاپالىتىنى.

كوپلەپ قۇردۇق بىز سۇ ئامبارلىرى،
بۇمۇ بىز ئۈچۈن قىممەتلىك بايلىق.
"سۇسىز ھايات يوق" دىگەن ھىكمەت بار،
سۇسىز ئېتىزدا بولمايدۇ ئاشلىق.
. . . . . . . . .

ھىجران ئوتىدا كويگەن يىگىتلەر،
تاھىر-زوھرەدەك قالمىدى داغدا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

يېتىشكەچ ئۇلار مەقسەت-نىشانغا،
ئىشلەيدۇ خوشال بۇ گۈزەل باغدا.

ئەمگەك شەرەپلىك ھەممىگە بىردەك،
ئۇ بىلەن پارلاق ئىستىقبال يولى.
ئەمگەكسىز ياشاش ئەمدى بىزگە يات،
ئەمگەك ھاياتنىڭ سائادەت گۈلى.

شۇ سوز ئەمگەكچان خەلقىم قەلبىدە،
ھىس قىلار ھەركىم ئۆزىنى پەرھات.
تەبىەت ئەمدى بىزگە سىر ئەمەس،
ھەركۈن يېڭىلىق، خىلمۇ-خىل ئىجات.

ماھىر ئىشچىلار زاۋۇتتا-كاندا،
رېكورت ياراتتى ھەر بىر ئىشىدىن.
ئۆگىنىپ ھەردەم ھۆنەر-تېخنىكا،
گۈللەر ئۈندۈردى باسقان ئىزىدىن.

ئىجىل ۋە ئىناق ھەممە مىللەتلەر،
چىرماشقان مەھكەم يۈرەك رىشتىسى.
ئېچىلدى شۇڭا دوستلۇق بېغىدا،
چىن بەختىمىزنىڭ گۈلى-غۇنچىسى.

يەسلىدە بوۋاق، ئاتا ـ ئانىلار ـــ
غەم قىلماستىن ھېچ ئىشلەيمىز ھامان.
كۆڭلىمىز خوشال ئۆتمەكتە دائىم،
بولغاچقا بىزنىڭ تۇرمۇش پاراۋان.

كېسەل بولغاندا دوختۇرلار تەييار،
كېسەللىمىزگە بېرىدۇ شىپا.
ئۇسۇۋاتىمىز ساغلام ۋە تىمەن،
قاپلىغاچ دىلنى خۇشپۇراق ھاۋا.

يېڭى ئۇسۇلدا تېرىپ زىرائەت،
ئالدۇق ئېتىزدىن كۆپلەپ مول ھوسۇل.
مېھنەت بېغىدا ئىلغار ئاتىلىپ،
يېتىشىپ چىقتى تالاي قىز ـ ئوغۇل.

ئېتىزلىقلارغا كەلگەچ تىراكتور،
كونا سايمانلار بوپ قالدى خىجىل.
كۆرمەسەك مۇنداق تەرەققىياتنى،
دەيتتۇق يەرلەرنى "ھوسۇلسىز بېخىل".

تېلېفونلاشتى شەھەر ۋە يېزا،
قاتناش ئىشلىرى بولماقتا راۋان.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

رادىيولارنىڭ ناخشا ـ ناۋاسى،
زوقلاندۇرار دىلنى كەچ ۋە تاڭ.

شەھەر ۋە يېزا ياساندى گۈلدەك،
يېڭى بىنالار سېلىنىپ كوركەم.
ئېلېكتىر چىراق ياندى يۇلتۇزدەك،
بەختنى تاپتى ئۇلۇغۋار ئولكەم.

كورۇپ باقمىغان ئاتا ـ بوۋىمىز،
توغۇلۇپ مونداق قۇرۇلۇشلارنى.
كېلىپ تېخىمۇ غەيرەتكە يەنە،
باشلىۋەتتۇق بىز بۇرۇلۇشلارنى.

زاۋۇتتا ئىشچى، ئېتىزدا دىخان،
ئوسۇپ يېتىلدۇق يېڭى ئاڭ بىلەن.
ماڭىمىز ئالغا توسقۇنلار يېرىپ،
بەخت قۇياشى گۈگچەنداڭ بىلەن.

1959 ـ يىل ئوكتەبىر.

## ساۋاق

ئويغانسام سەھەر ۋاقتى دەرىزەمدە،
بىر ھەرە تورۇپتۇ جىم،
بولۇپ نىمجان.
شۇ ھامان ئويلىسامىۇ ئولتۇرمەكنى،
دىدىم مەن: "قويە ئۇمۇ ئىسكەن بىر جان..."

لېكىن ئۇ ئۇچۇپ كېلىپ چاقتى مېنى،
بۇ بىر ئىش بولدى ماڭا ئاچچىق ساۋاق.
ئەزەلدىن دۈشمەنىگە رەھىم قىلساڭ،
دىگۈزەر مىڭ پەندىيات، سېنى ھەر ۋاق.

1960 - يىل ماي.

## مېھنەت قىلساڭ شۇنداق قىل

سۇتتەك ئايدىڭ يوپ-يورۇق،
قانداق ياخشى چاغلار بۇ؟
مېھنەت بىلەن گۈللەنگەن
شۇنداق گۈزەل باغلار بۇ.

*

ئىگىز ئوسكەن بوغدايلىق،
توسۇۋاپتۇ يولتۇزنى؛
بۇلبۇللارنىڭ جورىسى —
يېزا قىزى قوندۇزنى.

كۆلۈمسىرەپ باشاقلار
قاش ئېتىپتۇ يولتۇزغا،
يولتۇز سالام بېرىپتۇ
يېزا قىزى قوندۇزغا.

زەپ ئوخشىغان بوغداينىڭ
پايانى ھېچ كورۇنمەس؛
كېچە-كۈندۈز قوندۇزنىڭ
ھارغانلىغى بىلىنمەس.

مەنمۇ چۇشتۇم ئويمىغا،
قوندۇز بىلەن بىرلىكتە.
زايا قىلماي بىر داننى،
يىغىۋالدۇق تېزلىكتە.

بوغدايلارنىڭ دانلىرى
زەپ ئوخشاپتۇ خورمىدەك؛

مېھنەت قىلساڭ، شۇنداق قىل،
قۇندۇز قىلغان ئۇمىدەك.

1960 ـ يىل ئىيۇل.

# كەلدىم

يۈرىگىمدىن سېنى سويدۇم گۈل يېزام،
يالقۇنلىغاچ مۇھەببىتىڭ دىلىمدا.
كۈيلەپ ئۆتەي خىسلىتىڭنى بىر ئۆمۈر،
جاراڭلىسۇن ئىسىل نامىڭ تىلىمدا.

"يېزام" دىسەم يۈرەكتىكى شاتلىغىم،
دولقۇنلۇنۇپ تاشار خۇددى بۇلاقتەك.
كەتمەن ئېلىپ ماڭسام گۈزەل قوينۇڭغا،
يوللۇرۇڭمۇ كورۇنمەيدۇ ئۇزاقتەك.

شۇڭا سېنى چىن دىلىمدىن سېغىنىپ،
كەلدىم يېزام دولقۇنۇڭدا ئۈزگىلى.
بوغداي تېرىپ بۈگۈن ئېتىز ـ قىرىڭغا،
ئەتىلىككە كومباينىدا ئورغىلى.

1960 ـ يىل سېنتەبىر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىلغان ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

## ئالتۇن ۋە يالقۇن

گەرنىمەر سەچاقنىتىپ كوز، يالتىراپ تۇرغان بىلەن،
چاڭ ـ توزاڭدا كىرلىشىپ داتلاشسا، ئۇ ئالتۇن ئەمەس.
دىلدا ئوت بولغان بىلەن ئۇ كويمىسە ئەل ئىشقىدا،
ئۇ گوياكى ئىس ـ تۈتەكتۇر، ئوت ئەمەس، يالقۇن ئەمەس.

كىمكى جەڭنىڭ ئوچىغىدا چىقسا گاگدەك تاۋلىنىپ،
شۇكى ئەلنىڭ چىن غۇرۇرى، داتلىماس جىك ئالتۇنى.
كىمكى كويدۇرسە رەقىپنى قەھرىدىن ئوت ياغدۇرۇپ،
شۇكى شانلىق ئىنقىلاپنىڭ مەڭگۈ ئۆچمەس يالقۇنى.

1960 ـ يىل نويابىر.

## ئۇستازىم ئۈچۈن...

قىزىم دىلبەر ياسىنىپتۇ چىرايلىق،
ئالەمشۇمۇل شاتلىق تاشار دىلىدىن.
قولىدا بار دەستە ـ دەستە قىزىلگۈل،
توستۇم ئۇنى كېتىپ بارغان يولىدىن.

دىدىم: "قىزىم، سەن بۇگۇن بەك خوشالغۇ،
قايسى باغدىن ئۈزدۈڭ ئاشۇ گۈلنى سەن.
تاڭ سەھەردە ئېلىپ ئىسسىق سوغىنى،
ئېيتقىنا بىر، نەگە سالدىڭ يولنى سەن؟"

دىدى قىزىم: "ئۇستاز ئۈچۈن ئۈزۈلگەن،
مۇشۇ گۈزەل باھارىمنىڭ گۈلى بۇ.
ئېلىپ چىقتىم قايناق بىلىم بېغىدىن،
پىونېركا قىزىڭىزنىڭ دىلى شۇ."

1961 - يىل ئىيۇن.

## پارچىلار

مەن ئۈچۈن قەدىرلىك بەكمۇ مۇئەللىم،
چۈنكى ئۇ ئۈگىتەر ماڭا پەن - بىلىم.
خوشالمەن، ھاياتىم ئۆتسە مەنىلىك،
ئۇستازنىڭ ئەجرىدىن سۇ ئىچىپ دىلىم.

*

تاغ كەبى دوۋلەنگەن ئالتۇن - كۈمۈشمۇ،
بەرى بىر تۈگەيدۇ، بۇ چىن ھەقىقەت.

ۋە لېكىن تۇگىمەس بىلىم بايلىغى،
ئۇنىڭغا يېيىشقان خار بولماس ئەبەت.

*

بىلىمدىن قەلبىنى يورۇتمىسا كىم،
ھەق بىلەن ناھەقنى ئېتەلمەيدۇ پەرق.
ئۇ ئەگەر ئۇخلىسا غەپلەت چولىدە،
نادانلىق كېمىسى قىلار چوقۇم غەرق.

1961 ـ يىل سېنتەبىر.

## يېزىدىكى يارىمغا

"ئۈزۈن بولـدى كەلمـدىڭ،
گۈل يېزاڭنى كورگىلى.
چىن مېھنەتنىڭ ئىشقىدا،
يالقۇن بولۇپ كويگىلى.

ئىش ـ ئەمگەكتە ھەر قاچان،
يېڭى رىكورت بۇزغىلى.
ئاشلىق بىلەن پاختىدا،
تاغنى خىجىل قىلغىلى."

دەپ يېزىپسەن ئوماق يار،
زوققا تولدۇم خېتىڭدىن.
يۈرىگىمگە ئوت سالدىڭ،
ئېيتقان ھەر بىر گېپىڭدىن.

مەنمۇ مانا يول ئالدىم،
بېرىش ئۈچۈن قېشىڭغا.
يىلتىز تارتىپ يېزىدا
كۆچ قوشۇشقا ئىشىڭغا.

كەتمەن ئالدىم قولۇمغا،
"كادىر" ئىدى دېمىگىن.
چۈشكىنىمدە بەيگىگە ــ
مېنىڭدىن غەم يېمىگىن.

1961 ـ يىل نويابىر.

## ئانا سوزى

ئاناڭنىڭ ئارزۇسى شۇكى، كۆرەشلەردە پىداكار بول،
ۋەتەن چاقىرسا جەڭلەرگە، ئېلىپ شەمشەرنى تەييار بول.

ئۇيغۇر كىتاب تورى كىتابخانىسى
www.uyghurkitap.com

ئاتاڭ توككەن ئىدى قان ــ تەر ھەقىــقەت يولىدا تىنماي،
ئۇنى ئۇلگە قىلىپ ھەر دەم ئۆزۈڭگە سەن تەلەپكار بول.

ياۋۇز دۈشمەننى سۈر، قوغلا قولۇڭدا گاڭ قورالىڭ بار،
بىخۇتلۇقتىن ھەزەر ئەيلە، كۈرەشتە مەڭگۇ ھۇشيار بول.

ۋەتەنىنىڭ بۇرچىنى ئاقلا، شۇ چاغ سەندىن ئاناڭ رازى،
يېرىپ توسقۇن، قىلىپ پەرۋاز، زەپەر كوكىدە شۇڭقار بول.

1962 ــ يىل يانۋار.

## جەڭچى ناخشىسى

قورالىم بار قولۇمدا مېنىڭ،
يىراق چېگرا ماكانىم ــ جايىم.
جۇت ــ شىــۋىرغان قىــلالــمايــدۇ كار،
پوستا مەزمۇت تۇرىمەن دائىم.

جىلۋىلىنىپ تۇرار ئالدىمدا،
ۋەتىنىمنىڭ تاغۇ ــ دالاسى.
سويۇنىمەن يەلپۈپ ئۆتكەندە،
يۈزلىرىمنى تاڭنىڭ ساباسى.

تىك چوققىدا قىلىمەن گۈزەت،
گەر توختىماي ياققاندىمۇ قار.
ئاپپاق لىباس كەيسىمۇ زېمىن،
لېكىن مېنىڭ دىلىمدا باھار.

شەرەپ ماڭا ۋەتەننى قوغداش،
ئايرىلسامۇ ھەتتا جېنىمدىن.
يۈرىگىمدە قالار نە ئارمان،
لالە ئۈنسە قىزىل قېنىمدىن.

1962 ـ يىل فېۋرال.

## سالام يېزام

گۈزەل يېزام، سەن بەختىمنىڭ ئانىسى،
ئۆتلۈق مېھرىڭ تارتتى مەيلىم ئۆزىگە.
"كېلىمەن" دەپ كەتكىنىمچۈن سېنىڭدىن،
كەلدىم بۈگۈن ئەمەل قىلىپ سۆزۈمگە.

سەندە ئۆتسە بۇ ياشلىغىم مەنىلىك،
مېھنىتىمدىن گۈل تاقىمەن كوكسۇڭگە.
چىن قەلبىمدە يالقۇنلىنار بىر ئۈمىت،
مەپتۇن بولۇپ كوز تىكىمەن ھوسنۇڭگە.

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

كەتكىنىمدە كوپلەپ يېرىك ئۇنۇمسىز —
ياتار ئىدى زەيكەش بولۇپ شور بېسىپ.
مانا بۈگۈن چىرايىنى ئېچىپتۇ،
ئوركەشلىنىپ، كۈمۈش رەڭلىك سۇ ئېقىپ.

ئازات مېھنەت ئەھلى بولۇپ يايرىشىپ،
ئىشلەيدىكەن قىز-يىگىتلەر ئوكۇزدەك.
سېنىڭ گۈزەل جامالىڭغا نۇر چېچىپ،
چاقنايدىكەن سىم چىراقلار يۇلتۇزدەك.

سالام يېزام تومۇر ئېتىم مىنىپمەن،
ساڭا كەلدىم بوزلىرىڭنى ئاچقىلى.
مۇھەببىتىم، كۈچ-قۇدرىتىم بېغىشلاپ،
يىلتىز تارتىپ سەندە تەرىم توككىلى.

1962-يىل ئاپرېل.

## يۇلغۇن چېچىكى

يۇلغۇن ئوسەر چوللەردە-سايدا،
ئانا يەردىن كۈچ-قۇۋۋەت ئېلىپ.

زەپ چىرايلىق ئۇنىڭ چېچەكى،
زوقلاندىم مەن تويماي كوز سېلىپ.

قىلمىسمۇ پەرۋىش ئۇنىڭغا،
زادىلا ئۇ كەتمەيدۇ قۇرۇپ.
سوققاندىمۇ بوران-چاپقۇنلار،
ئالالمايدۇ ئۇنى قومۇرۇپ.

شۇنداق مەزمۇت يۇلغۇننىڭ تېنى،
يىلتىز تارتقاچ تۇپراقتا چوڭقۇر.
جەسۇرلۇقنىڭ سىمۋولى ئۇ،
تۇرار شۇڭا تەمكىن ۋە مەغرۇر.

يۇلغۇن كەبى مەردانە ياشاش—
دىلىمدىكى ئوتلۇق قارارىم.
بەختىم ئىدى يۇلغۇنغا ئوخشاش
چېچەكلىسە ئۇمرۇم-باھارىم.

1963 - يىل ئاۋغۇست.

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# ئانا يەر

ئانا يەر گۈزەل رەڭدار گىلەمدەك،
تۇپرىقىڭ ئالتۇن، سۇلىرىڭ كۈمۈش.
قوينۇڭ بىپايان، مەڭگۈ باھار-ياز،
يوقالغان سەندە زۇلمەتلىك ئۇتمۇش.

ئانا يەر، ساڭا مەپتۇندۇر قۇياش،
ھەتتا تولۇنئاي، نۇرلۇق يۇلتۇزلار.
ئىقبال چولپىنى پارلاتقان سەندە،
كۈرەش، ئەمگەكتىن يىگىت ۋە قىزلار.

ئانا يەر، سەندە لالە-رەيھانلار،
خۇددى ئىپاردەك خۇشپۇراق چاچقان.
گۈللەر شېخىدا بۇلبۇلگويالار
مەدھىيىلەپ سېنى قوشاقلار قاتقان.

ئانا يەر، سەر خىل داندىن ياسالغان
تۇرار كوككە تەك ئالتۇن تاغلىرىڭ.
شىرىن مىۋىلەر ۋايىغا يەتكەن—
جەننەتتىن ئىسىل گۈلشەن باغلىرىڭ.

ئانا يەر، ئاشۇ خىسلەتلىرىڭنىڭ
ھەر بىر پەسلىدە گۈزەللىگى بار.
ساڭا توكۇلگەن ھەر تامچە تەرنىڭ
سىخى كۆز بىلەن ئەۋزەللىگى بار.

ئانا يەر، شۇڭا سېنى ئەزىزلەپ،
مېھنىتىم بىلەن دىلدىن سويىمەن.
چۈنكى سەن سالدىڭ ماڭا شۇ ئوتنى،
مېھرىڭ ئىشقىدا مەڭگۇ كويىمەن.

1963 ـ يىل ئوكتەبىر.

## ئانا يەر ھەققىدە

مەن كۆلۈپ ئېچىلغان بىر تال قىزىلگۈل،
يىلتىزىم ئورناشقان ئانا تۇپراققا.
ئۇنىڭسىز ئېچىلىپ چاچماسمەن پۇراق،
كوچۇرسە ھەتتاكى ئالتۇن يامچاققا*.

*

* يامچاق — تەشتەك.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىن بىر ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

مەن بىر تال قىزىلگۈل خۇشبۇي ئېچىلغان،
ئېلىمگە، دوستلارغا چاچمەن پۇراق؛
تىكەنىم گوياكى خەنجەر، ئوق بولۇپ
قادىلار دۈشمەنلەر باغرىغا ھەرۋاق.

1963 ـ يىل دېكابىر.

## ئانا

ئانىجان، ئۇستۇم ئىسسىق باغرىڭدا،
ئاپپاق سۈتۈڭدىن قانغىدەك ئىمىپ.
ئاشۇ سۈتۈڭنىڭ قۇۋۋىتى بىلەن،
قالماسمەن ھەرگىز كۈرەشتە تېلىپ.

*

"ئانا!" دىگەن شۇ ئەزىز نامىڭدىن،
يۈرىگىم چوغدەك يالقۇنلىنىدۇ.
تومۇرلىرىمدا جۇش ئۇرۇپ قېنىم،
مېھرىم دېڭىزدەك دولقۇنلىنىدۇ.

چۈنكى سەن مېنى بوۋاق چېغىمدا،
باقتىڭ چۈشۈرمەي بوينۇڭغا ئېلىپ.

جەۋرى ـ جاپايىم تارتتىڭ تالاي يىل،
مېنى دەپ ئۇزۇڭ داق يەردە يېتىپ.

كەچتىڭ ھەتتا سەن تۈندە ئويغۇدىن،
"ئەللەي بالام" دەپ باغرىڭغا بېسىپ.
جاندىن ئەزىزلەپ چوڭ قىلدىڭ مېنى،
ئانىلىق مېھرىڭ قەلبىمگە سىڭىپ.

"ئانا" دەپ تۇنجى تىلىم چىققاندا،
"جېنىم ئوغلۇم" دەپ سۆيدۈڭ يېنىشلاپ.
يالقۇنلۇق مېھرى ـ مۇھەببەت بىلەن،
جۇپ كوزۇڭ تىكتىڭ ئۇمىت بېغىشلاپ.

*

ئانىجان، ئوسۇپ تەربىيەڭ بىلەن،
قەلبىم نۇرلاندى، ئەقلىمنى تاپتىم.
قەرزىڭنى جەزمەن قىلىمەن ئادا،
ئۇلۇغ ۋەتەندە بەختىمنى تاپتىم.

1964 ـ يىل مارت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىكى ئادرېسى

## ئىنسان ھەققىدە

ئىنسان تۇغۇلۇپ ئۆلىدۇ بىر كۈن،
توھپىسى ئۇنىڭ ئۆلمەيدۇ بىراق.
كىم ئۆلسە ۋەتەن خائىنى بولۇپ،
ئۇنى قوينىغا ئالمايدۇ تۇپراق.

*

ھۆرمەت ـ تەبىي ئەلنىڭ ئىشەنچى،
ئۇندىن ئايرىلىش ئۆلۈم بىلەن تەڭ.
ئاقلىسا كىمكى ئەل ئىشەنچىنى،
ئىقبال يولىمۇ بولار شۇنچە كەڭ.

1964 ـــ يىل دېكابىر.

## گوھەر كول

گوھەر كول*، بويلىرىڭنى كەزگىنىمدە،
تويمۇدۇم قاراپ ھۆسنى ـ جامالىڭغا.

---

* گوھەر كول ـــ يەركەن ناھىيىسىدىكى ئىگەچى سۇ ئامبىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

ئەتراپىڭ چىمەنلىكتۇر شۇنچە گۈزەل،
يېتىپسەن ئەمدى ئارزۇ-مىرادىڭغا.
*
گوھەر كول، ئۆتمۈشتە سەن ساسلىق ئىدىڭ،
قېشىڭغا ئادىمىزات بارمايدىغان؛
ئەتراپىڭ قورقۇنۇشلۇق ماكان ئىدى،
يىلانلار ھوكۇم سۇرۇپ ياپرايدىغان.

گوھەر كول، قۇچىقىڭدا ئۆسكەن قومۇش...
يەر-يۈزۈڭ ئاپپاق شورغا پاتقان ئىدى.
ئالالماي ئەمگەكچىلەر سەندىن بەھرى،
بويۇڭدا ھەسرەت چېكىپ ياتقان ئىدى...
*
گوھەر كول، بۈگۈن سۈيۈڭ خۇددى كۈمۈش،
شۇ سۇدا ئەكس ئېتەر بەختىڭ سېنىڭ.
بىپايان داللىرىڭ ئاشلىق كانى،
تۇتاشقان ھەر بىر دىلغا مېھرىڭ سېنىڭ.

گوھەر كول، سەندە تولا ئالتۇن بېلىق،
ئۇ، سېنىڭ باھاسىز، مول بايلىقىڭدۇر.
ئېتىكىڭ مال-ۋارانلار ئوتلايدىغان،
سۈيى كوپ، ئوتى تاتلىق يايلىقىڭدۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

گوھەر كول، نۇر چاقنايدۇ ئىقبالىڭدىن،
گۈل ھايات جەۋلان قىلغان بويلىرىڭدا.
بۈلبۈللار ئۈن قاتىدۇ مەپتۇن بولۇپ،
شادىمانە مول ھوسۇللۇق تويلىرىڭدا.

*

گوھەر كول، كوز تىكسەم مەن ساڭا ھەر چاغ،
كورىمەن شوخ جىلۋەڭدىن گۈزەللىكنى.
سۆيىمەن بەھرىمەندۇر يىراق-يېقىن،
كورسەتتىڭ دەۋرىمىزدە ئەۋزەللىكنى.

1965 - يىل سېنتەبىر.

## ۋەتىنىم

ئەي ئەزىز دىيارىم سويۈملۈك ۋەتەن،
قوينۇڭدا چوڭ بولدۇم، بەختىمنى تاپتىم.
مەدھىلەپ ئالەمچە ئۇلۇغلۇغىڭنى،
يۈرەكتىن ئۇرغىغان نەزمەمگە قاتتىم.

ۋەتىنىم كوز تىكسەم، گۈزەل ھوسنۇڭگە
شاتلىقتىن جۇشقۇنلاپ كېتىدۇ قەلبىم.
سەن بىلەن ئەزەلدىن جانۇ-تېنىم بىر،
مۇستەھكەم باغلانغان ساڭا دىل رىشتىم.

ۋەتىنىم، سەن مېنىڭ تۇغقان ئانامسەن،
يۈرەكتە ئەقىدەم ئەڭ چوڭقۇر ساڭا.
سەن ئۈچۈن ھەرقانچە چەكسەممۇ جاپا،
راھەتتە ئۆتكەندەك تۇيۇلار ماڭا.

ۋەتىنىم، ھوسنۇڭدىن خىجىلدۇر ئايمۇ،
ئىگە سەن قارىغايدەك ئېسىل خىسلەتكە.
باغلىرىڭ ياپ-يېشىل، مۆلىرىڭ بال،
قۇچىغىڭ تولغان لىق نازۇ-نېمەتكە.

ۋەتىنىم-گۈلزارىم، سۆيگەن ماكانىم،
سەن بىلەن مەڭگۈگە پەخىرلىنىمەن.
ياۋ ئەگەر قەست قىلسا ساڭا قايسى چاغ
شۇ ھامان ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىمەن.

ۋەتىنىم، شەنىڭگە توقۇسام داستان،
يۈرۈگۈم قېتىدىن تۇگىمەيدۇ سۆز.
كۈيلەيمەن زوق بىلەن ناخشامدا سېنى،
نەپسىم ئۈزۈلۈپ يۇمۇلغىچە كۆز.

1965-يىل ئۆكتەبىر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ۋەتەن ھەققىدە

## 1

ۋەتىنىم، خەلقىڭ باتۇر، ھىممەتلىك،
قۇچىغىڭ كەڭرى، نازۇ-نىمەتلىك.
سېنىڭدە ئۆسكەن ھەر بىر تال گىيا،
گوھەردىن ئىسىل قەدرۇ-قىممەتلىك.

## 2

ۋەتىنىم، سېنى كۆيلەيمەن ئەبەت،
قەلبىمدە ساڭا ئوچمەس مۇھەببەت.
ياۋغا باش ئەككەن خائىنلىرىڭغا،
غەزىۋىم قايناپ، دەيمەن: مىڭ نەپرەت!

1965-يىل ئۆكتەبىر.

3

كېچەلەيمەن ۋەسلىم ـ بار
كېچەلەيمەن ئۆز دىيارىمدىن.
كۈكۈم ـ تالقان بولسامۇ ئەگەر،
يانمايمەن ھېچ شۇ قارارىمدىن.

1975 ـ يىل ئۆكتەبىر.

# ئىنتىزارلار
(چاتما)

## نەپرەت

ھاقارەت تاشلىرى تەگدى ماڭىمۇ،
سىقىلدى يۈرىكىم كۈندە مىڭ قېتىم.
رەقىپلەر ھەرقانچە قىلسىمۇ ھەيۋە،
ئەگمىدىم بېشىمنى، ئاشتى جۈرئىتىم.
گۇناھى ھېساپسىز زوراۋانلارغا،
ئۇلغايدى چوغ بولۇپ غەزەپ ـ نەپرىتىم.

1968 ـ يىل يانۋار.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## پۇشايمان

ئاڭلىماي دىسەم قۇلۇغۇم باركەن،
سوزلىمەي دىسەم قويمايدۇ تىلىم.
گاچا-دوت بولۇپ قالمىغىنىمغا،
ئەجەپ پۇشايمان يەيدۇ بۇ دىلىم.

1967 - يىل نويابىر.

## قەسەم

مەردانە ياشاش خىسلىتىم مىنىڭ،
قورقمايمەن زادى بورى-قاۋاندىن.
قەسىمىم شۇ: تەييار مەن ھەر چاغ،
ھەققەت ئۇچۇن كىچىشكە جاندىن.

1969 - يىل ماي.

## ئايرىلدىم

بۇلبۇل ئىدىم، سايراي دىسەم گۇلدىن ئايرىلدىم،
ئاشىق ئىدىم، يارنى ئىزلەپ يولدىن ئايرىلدىم.

ھەقىقەتنى سوزلەيدىغان مەردانە ئىدىم،
سوزلەي دىسەم ئامال قانچە، "تىل"دىن ئايرىلدىم.

1968 - يىل ئىيۇل.

## يوق

رىيال تارىخ ساۋاق بەردى: كۇرەشسىز بەختىيارلىق يوق،
كۇرەشتە ئىتتىپاق بولماي ھەقىقى جەڭگىۋارلىق يوق.

كۇرەشسىز كۇلمىگەي ھەرگىز خەلقىنىڭ ئارزۇ-ئارمانى،
ئۇنىڭغا جان نىسار قىلماقتىن ئۇزگە ئىپتىخارلىق يوق.

قىزىلگۇل بەرق ئۇرۇپ تەكشى ئېچىلمايدۇ توكۇلمەي تەر،
كۇرەشكە جان پىدا قىلماي، ۋەتەندە لالىزارلىق يوق.

1971 - يىل ئاۋغۇست.

## ياشلىق كوچۇپتۇ

مەنزىل قوغلاپ ھەش-پەش دىگىچە
تالاي يىللار ئوتۇپ كېتىپتۇ.
يېشىم تېخى ئەللىككە بارماي،
يۇزلىرىمنى قورۇق بېسىپتۇ.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىندى ئادرېسى

چاچلىرىمغا قىرولار قونۇپ،
مەندىن گۈزەل ياشلىق كوچۇپتۇ.

پۇشايماندىن خالىمەن لېكىن.
ئۇتسە مەيلى ياشلىغىم مېنىڭ.
ئىجادىمدىن ئۈنچىلەر تىزسام،
شۇ ئەمەسمۇ شاتلىغىم مېنىڭ.
زارلانمايمەن قېرىپ قالدىم دەپ،
ھور كېلىچەك ئالدىمدا مېنىڭ.

1967 - يىل ماي.

## بىر كۈن

تۇمانلار تارقىلىپ ئەلدىن كۆلەرمەن ئاقۋەت بىر كۈن،
زەپەر تۇلپارىغا، دوستلار، مىنەرمەن ئاقۋەت بىر كۈن.
جىمى ئەل ئىنتىزار بولغان بەختلىك كۈن يېتىپ كەلسە،
خوشاللىقنىڭ شارابىنى ئىچەرمەن ئاقۋەت بىر كۈن.
ئازات بۇلبۇلنى قەلبىمنىڭ ناۋاسىغا قىلىپ ئاشىق،
گۈلۈستاندا ئېتىپ سەيلە يۈرەرمەن ئاقۋەت بىر كۈن.

1967 - يىل فېۋرال.

## باھار ئۇمىدى

قار بىلەن تەڭ توڭلىدى تۇپراق،
شۇۋىرغانلىق، سوغۇق ھەممە ياق.
دەل ـ دەرەخلەر شۇمشەيدى، ئىست!
توكۇلگەچكە بەرگىدىن ياپراق.

مۇڭغا تولۇپ دىشۋار ـ ئازاپتىن،
بۇلبۇللارمۇ قىلىدۇ نالە.
بىركۈن گويا مىڭ يىل تۇيۇلۇپ،
قار تېگىدە ئىڭرايدۇ لالە.

قېلىن قارنىڭ ئاستىدا قالدى،
تەبىئەتنىڭ گۈزەل باھارى.
ھەر بىر دىلنىڭ ئېشىپ بارىدۇ،
گۈلباھارغا چىن ئىنتىزارى.

گۈزەللىكنى تالاشىمۇ قىش،
دورىيالماس باھارنى بىراق.
نۆۋەت كۈتۈپ تۇرماستىن باھار،
قىشنى ھامان قوغلايدۇ يىراق.

1970 ـ يىل يانۋار.

ئۇيغۇر كىتاب تورىسى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# مۇھەببەت لىرىكىلىرى

(چاتما)

## ئەقىدە

ئايدەك گۈزەل پەرىزاتىنىمۇ،
تەڭ قىلمايمەن نىگارىم ساڭا.
چىنىقسۇن دەپ يالقۇن ئىچىدە،
تۇتاشتۇردۇڭ شۇ ئوتنى ماڭا.

سۆيدۇڭ جانان، بېشىمغا مېنىڭ —
چۈشكەندىمۇ قار بولۇپ تۆھمەت.
ئالتۇندىنمۇ قىممەتلىك ماڭا،
سېنىڭدىكى شۇ ئېسىل خىسلەت.

سەندىن ئۆزگە سۆيگۈنۈممۇ يوق،
ئىشەن يارىم يۈرەك سۆزۈمگە.
ئەقىدەمدىن كەچسەم مۇبادا،
نەپرەت تېشى ئاتقىن كۆزۈمگە.

1980 - يىل ئۆكتەبىر.

# ئۈمىدىم شۇ

كېتىپ قاپسەن ئوماق يارىم،
مېنى تاشلاپ يىراقلارغا.
بايان قىپسەن يېزىپ خەتتە:
"چىداشلىق بەر پىراقلارغا."

ئوتۇپ ھىجران تىغى جاندىن،
كۆتۈپ ھەردەم كوزۇم تالدى.
ئەجەپمۇ ئىنتىزار قىلدىڭ،
پىراقىڭ دەرتكە دەرت سالدى.

ئۈمىدىم شۇ ساڭا جانان،
ھەمىشە مېنى ياد ئەتكىن.
كېلىپ يولنى يىراق كورمەي،
يۈرەك ـ قەلبىمنى شاد ئەتكىن.

1970 ـ يىل ماي.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## ھىجران

ئايرىلغاچ ئەزىز يارىم سېنىڭدىن،
رەڭگىمنى بىردىن سارغايتتى پىراق.
ئەۋەتسەڭمۇ گەر شىپالىق دورا،
ھىجران يارىسى ساقايماس بىراق.

ئىشقىڭدا كۆيۈپ ئۆتتى ياشلىقىم،
ئۆلۈمــدىن يامان ئىكەن جۇدالىق.
كۆيۈك ئوتىغا مەن تۇگۇل ھەتتا
بەرەلمەس ئىدى تاشمۇ چىداشلىق.

ئۇز نىگارىنى سۆيەلمىگەندىن،
يىگىتكە ئارتۇق ھەسرەت بارمىكىن.
مۇھەببەت ئۈچۈن جان پىدا قىلغان
جاھاندا مەندەك كىشى بارمىكىن!؟

1971 ـ يىل ئاپرېل.

## ۋاپاسىزغا...

جىلۋە قىلمساڭ، ئالدىنىپ ساڭا —
كۆڭلۈمدىكى سىرنى بەرمەستىم.
بىلگەن بولسام شەيتانلىغىڭنى،
ئاشىق بولۇپ سېنى سويمەستىم.

سويۇپتىمەن ئىشىنىپ باشتا،
بىراق، ئىكەن ئىشلىرىڭ باشقا.
ۋاپاسىزلىق قىلىپ سەن ماڭا،
مىڭ بىر بالا كەلتۈردۈڭ باشقا.

جىلۋە قىلمساڭ، بولدى بەس، بولدى،
ئالدانمايمەن جىلۋەڭگە ئەمدى.
چىن مۇھەببەت كوزۇمنى ئاچتى،
جىگدە سالما بوكەمگە ئەمدى.

1972 ـ يىل ئوكتەبىر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىرلىكى ئادرىسى
www.uyghurkitap.com

## سويگۈنۈڭ يالغان

سۈرىتىڭنى بەرگەنتىڭ ئۇزۇڭ،
ئۇزاق ئوتمەي ئالدىڭ قايتۇرۇپ.
چۈشەندىمكى، مۇھەببىتىڭنى،
شۇ بىر ئىشتا قويدۇڭ چاندۇرۇپ.

بولمىسا گەر سويگۈنۈڭ يالغان،
ئۆزمەس ئىدىم رىشتىمنى سەندىن.
ئوچكەن ئوتلار يانمايدۇ ھەرگىز،
ئۈمىت كۈتمە، رەنجىمە مەندىن.

1974 ـ يىل سىنتەبىر.

## باھار ناخشىلىرى

(چاتما)

### باھار

قىشنى قوغلاپ كەلگەندە باھار،
تاغ ـ دالىلار ئاچىدۇ قۇچاق.

جانلىنىدۇ پۈتۈن يەر-زېمىن،
گۈللەر خۇشبۇي چاچىدۇ پۇراق.

باھار شۇنداق گۈزەل پەسىلدۇر،
ئەجەپ ئېسىل ئۇنىڭ خىسلىتى.
قىز بويىغا ئاسقاندەك مارجان،
تەبىئەتنىڭ كۆركى-زىننىتى.

تەبىئەتنىڭ ئاشۇ باھارى،
كېتىپ قالار تۇرالماي ئۇزاق.
لېكىن مېنىڭ دەۋرىم باھارى،
ئەلدىن مەڭگۈ كەتمەيدۇ يىراق.

## چېچەك

تەبىئەتكە كەلگەندە باھار،
كەڭ زېمىندا ئېچىلار چېچەك.
بەزىلىرى مۆھ بىرەلمەي،
توزۇپ كېتەر ۋاقىتسىز دىمەك.

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

خالايمەن، ئەلگە تونۇلمايدىغان —
چېچەك بولۇپ ئۆسۈپ يېتىلىشنى.
خالىمايمەن جۇت ـ شۇرىغانغا،
چىداش بېرەلمەي توزۇپ كېتىشنى.

## توزىماس گۈل

باھار كەلسە، كوزنى چاقنىتىپ
ئېچىلىدۇ باغدا قىزىلگۈل.
دىلغا چەكسىز ئىلھام بېغىشلاپ،
گۈل بەرگىدە سايرايدۇ بۇلبۇل.

گۈلنىڭ ئۆمرى بەك قىسقا، چۈنكى
توزۇپ كېتەر باھاردىن كېيىن.
شۇنىڭ بىلەن كۆيچى بۇلبۇلنىڭ،
سايرىشىمۇ توختايدۇ بىردىن.

بىر گۈل باركى، شۇنداق مۇقەددەس،
ئېچىلىدۇ قىش ـ ياز توزىماي.
ئۇ بەختىيار ھاياتنىڭ گۈلى،
كويلەي ئۇنى مەڭگۈ توختىماي.

# باغۋەن قەلبى

باقفا كەلسەم، ئاپپاق ساقال، تىمەن باغۋەن،
كوچەتلەرنى تىكىۋاتقان ئىكەن ھارماي.
— نىمانچە بەك كايىتىسىز ئۆزىڭىزنى، —
دىسەم ئاكا، — قېرىغاندا ئارام ئالماي؟

دىدى باغۋەن: — شاتلىغىم شۇ ئەۋلات ئۈچۈن،
ئۆمۈر بويى ئەجىر قىلىپ كوچەت تىكسەم؛
بەختىم كۈلۈپ، بېشىم كوككە يېتەر ئىدى،
كوچەتلەردىن ئەلگە شېرىن مىۋە بەرسەم.

خوشاللىنىپ دىدىم ئاكا يۈرىگىمدىن:
— رەخمەت سىزگە كوچەتلەرنىڭ پەرۋانىسى!
باغۋەن بولسا، سىزدەك چىۋەر، ئىشچان بولسا،
ياشنىمامدۇ بېغىمىزنىڭ گۈل - لالىسى!؟

1976 - يىل ئاپرېل.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىن ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

## پارچە

ئېچىلدۇرماق بولساڭ قىزىلگۇل،
تاغـدەك غەيرەت ـ شىجائەتـكە تول.
بولسا قەيەر مۇشكۇل ـ جاپالىق،
سەن شۇ يەردە دائىم پەيدا بول.

1976 ـ يىل ئاپرېل.

## يېڭى يىلـغا مەدھىيە

يېڭى يىلغا يازدىم مەدھىيە،
دىل شاتـلىقىم جۇش ئۇرۇپ شۇدەم.
ئىلهامغا لىق تولدى يۈرىكىم،
ئۈنچە توكۇپ تەۋرەتتىم قەلەم.

تەبرىكلەيمەن يېڭى يىل سېنى،
يوللىرىڭغا سېلىپ پاياندار.
تەبەتتە كەزسـمۇ سوغ ـ قىش،
لېكىن مېنىڭ قەلبىم باهار ـ ياز.

يېڭى يىلىم، سەن بىلەن بۇگۈن،
چېچەكلەيدۇ ئۆمرۈمنىڭ گۈلى.
زامانەمدە تولۇپ قۇۋۋەتكە،
چىڭىپ بارار بەختىمنىڭ ئۇلى.

جەڭ قىزىتىپ زەپەر قۇچۇشنىڭ،
بىر ئۇلۇغۋار شانلىق يىلىسەن.
زىياندا شلار گۇم بولغان ئەلدە،
كۆلۈپ-ياپراپ جەۋلان قىلىسەن.

ئىرادەم شۇ: قەھرىمانلارنى،
كۆرەشلەردە قىلىمەن ئۈلگە.
توكۇپ ھامان كۆمۈش تېرىمنى،
قۇچىغىمنى ئورايمەن گۈلگە.

1977-يىل يانۋار.

## ئۇزۇن سەپەر ناخشىسى

بۈيۈك ئەلدە بۈگۈن يېڭى ئۇزۇن سەپەر باشلىندۇق،
بۇ يۈرۈشتىن تەنتەنىگە چومىدى تاغۇ-دەريالار.
ئېلىم-پەننىڭ چوققىسىغا ئات چاپتۇردۇق بەس-بەستە،
قانات قاقتى خوشاللىقتىن باغدا بۇلبۇلگويالار.

ھەممە سەپتە يارىتىمىز ئاجايىپ زور موجىزە،
لەپىلدىتىپ تا ئەبەتكە شانلىق قىزىلبايراقنى.
شوئارىمىز زامانىۋى كۈچلۈك دولەت قۇرۇشتۇر،
كورمەكتىمىز نەزەر سىلىپ كەلگۈسىنى — يىراقنى.

مەنزىل يىراق، سەپەر مۈشكۈل، قانچە ئۆتكەل-پەللە بار،
توسالمايدۇ يولىمىزنى لېكىن ئىگىز تاغ-داۋان.
ئىنقىلاۋىي ئەجداتلارنىڭ مېڭىپ شانلىق ئىزىدىن،
ئۈزۈن سەپەر ناخشىسىنى ياڭرىتىمىز ھەر زامان.

دەۋرىمىزنىڭ تۇلپارى بىز ئىلگىرلەيمىز ئۇچقاندەك،
ئاداشماستىن بويلاپ دادىل سوتسىيالىزىم يولىنى.
كومپارتىيە باشچى بولغاچ بىزگە ھەر بىر كۈرەشتە،
توزۇتمايمىز تا ئەبەتكە بەختىمىزنىڭ گۈلىنى.

1978 - يىل دېكابىر.

## ۋەتەن مېھرى

ئاڭلا دوستۇم، كوڭلۇم بىرگىنە،
ئۇ مىسالى بىر ئالتۇن چىنە.

ئاڭا تولغان ۋەتەن مېھرى لىق،
سىغماس ئۇندىن ئۆزگە ھېچنىمە.

ۋەتەن قوينى دائىم باھار ـ ياز،
چىمەنلىرى ئەلگە پايانـداز.
باغلىرىدا پۇرايدۇ ئەنبەر،
بۇلبۇلىمەن، ئۇنىڭ خۇش ئاۋاز.

ۋەتەن ئۈچۈن لاۋۇلدار ئىشقىم،
باغلانـغان چىڭ ئاڭادىل رىشتىم.
جان پىدا قىپ ئۇنى قوغدايمەن،
مەيلى كۆلگە ئايلانسا جىسمىم.

ۋەتىنىمدە ھامان دىلىم شات،
ئۇندا تاپـتىم بەخت ۋە نىجات.
قانداق تۇراي ۋەتەن ھەققىدە،
يېڭى ناخشا قىلماستىن ئىجات.

1979 ـ يىل فېۋرال، قەشقەر.

## ۋەتەن ھەقىقىدە پارچىلار

ھور ۋەتىنىمنىڭ سويگۈ شارابى،
ئىشقىم جامىغا تولدى لىقمۇ-لىق.
دوستىلار، مەن ئۇچۇن گويا ئاشۇ مەي،
ئابى ھاياتتىن مىڭ ھەسسە تاتلىق.

*

تەرىپلىسەم گۈزەللىكنى مەن،
گۈزەللىكنىڭ شاھى سەن ۋەتەن.
گۈزەللىكنىڭ بولسا ئاسىمىنى،
سەن ئۇنىڭكى ماھى سەن ۋەتەن.

*

ۋەتەن مېھرى بەردى پۈتمەس كۈچ
ھاياتىمنىڭ گۈلباھارىغا.
قەسىمىم شۇ: داغ تەككۈزمەيمەن
ۋەتىنىمنىڭ ئىپتىخارىغا.

1979 - يىل ماي.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## جەڭچى بولساڭ...

جەڭچى بولساڭ، بولغىن مەرت ئوغۇل،
قەھرىمانلىق جاسارەتكە تول.
پۈكۈپ دىلغا ئانا ۋەتەننى،
جەڭ-كۈرەشكە دائىم تەييار بول.

جەڭچى بولساڭ، تۇتۇپ گاڭ قورال،
ئەل بەختچۈن باغلا بېلىڭنى.
قەھرىڭنى سەن قىلىپ ئوق-ياراق،
قۇزغۇنلاردىن ساقلا ئېلىڭنى!

1979-يىل ئاۋغۇست.

## ۋەتەن ئۈچۈن

ۋەتەن ئۈچۈن چەكسەم مىڭ جاپا،
راھەت ماڭا، قىلمايمەن نالە.
ئارمىنىم يوق: قىزىل قېنىمدىن
ئېچىلدۇرسام توزىماس لالە.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

كۆرەش بىلەن يورۇدى يولۇم،
تاۋلاندىم مەن، ئۇلغايدى كۈچۈم.
شۇڭا جەڭنىڭ سىناقلىرىدىن
مەرتلىك بىلەن ئۆتىمەن چوقۇم.

دىلغا چەكتىم ئەبىدىل-ئەبەت،
ئەلگە سادىق جەڭچى بولۇشنى.
چەكسىز بەخت سېزىمەن دوستلار،
گېزى كەلسە جەڭدە ئۆلۇشنى.

پولات قالقان بولۇپ ھامانە،
گۈلزارىمنى ياۋدىن ساقلايمەن.
جەڭچىسى مەن قىزىل قوشۇننىڭ،
ئۆز بۇرچۇمنى جەزمەن ئاقلايمەن.

1979 - يىل ئۆكتەبىر.

## يۈكسەل، ئايكول

ئايكول*، بۈگۈن خىسلىتىڭنى كۈيلەپ ئۆتەي،
ئەل ئالدىدا تەرىپىڭنى سوزلەپ ئۆتەي.

* ئايكول — يەركەن ناھىيىسىدىكى بىر يېزا.

ئايكول، سېنىڭ ئايدىن نۇرلۇق سىياقىڭ بار،
ئايمۇ خىجىل گۈزەل ھۆسنى-جامالىڭدىن.
ھەر قارىسام ساڭا شۇنچە زوقلىنىمەن،
ھوزۇرلىنىپ ئاشۇ ئىللىق باھارىڭدىن.

*

ئايكول، بۈگۈن گۈل ھۆسنۈڭنى كۆرگەن چاغدا،
ئەسلەپ قالدىم سېنىڭ قانلىق ئۆتمۈشۈڭنى.
ئۇ چاغلاردا رەڭگىڭ خۇددى سامان ئىدى،
قارا تۇمان قاپلىغاچقا كەڭ كۆكسۈڭنى.

ئۇ چاغلاردا كۆزلىرىڭدىن ياش ئاقاتتى،
ھۆكۈم سۈرگەچ سەندە مۇدھىش زۇلۇم-زورلۇق.
كەمبەغەللەر ئۆتكەن ئىدى ئاچ-يالىڭاچ،
يېرىڭ ئىدى گىيا ئۈنمەس قاقاس، شورلۇق.

ئۇ چاغلاردا ھالىڭ ئىدى بەكمۇ خاراپ،
خەلق سەندىن بىزار بولۇپ كەتكەن تاراپ.
شۇڭا غەزەپ-قەھرىڭ تېشىپ شۇم زامانغا
تەلمۈرگەندىڭ تەشنا بولۇپ تاڭغا قاراپ.

*

تاڭ بىلەن تەڭ بەختىڭ كۈلگەچ ئايكول سېنىڭ،
مۆجىزىلەر يارىلىپتۇ قۇچىغىڭدا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

يۈرەكلىرى ياشىرىپتۇ ئىشچانلارنىڭ
ئابى كەۋسەر ئىچىپ سۈزۈك بۇلىغىدا.

ئۇتمۇشتىكى قاغجىرىغان يانتاقلىقلار
ئايلىنىپتۇ بۈگۈن يېشىل بوستانلىقتا.
كورگەن چاغدا كوركەم يېڭى مەنزىرەڭنى،
يايراپ كەتتى قەلبىم شۇ دەم خوشاللىقتا.

كۈرەش ـ مېھنەت قاينىمىدا جەۋلان قىپسەن،
ئۈرغۈپ تاشقاچ كۈچ ـ قۇدرىتىڭ، جاسارىتىڭ.
ئەزالىرىڭ جەڭ قىزىتقاچ كېچە ـ كۈندۈز،
ئۇزگىرىپتۇ كەمبەغەللىك قىياپىتىڭ.

ئىخ، گۈزەل يەر، كوللىكتىپنىڭ كۈچى بىلەن
قۇچىغىڭنى ئورىۋاپتۇ گۈل ـ چىمەنلىك.
يېڭى باھار قۇياشىدا جىلۋە قىپسەن،
ئورنىشىپتۇ ساڭا كېلىپ بار گۈزەللىك.

لەپىلدەپتۇ كەڭ كوكسۈڭدە قىزىل بايراق،
گۈزەل ئايكول، ئورلە يەنە، يولۇڭ پارلاق.

1979 ـــ 1981 ـ يىللار.

# رەھبەر بولساڭ...

رەھبەر بولساڭ، ئەلنى كوزلىگىن،
كوچەت تىكمەي مېۋە ئۈزمىگىن.
قايناق چېلىش كۆتمەكتە سېنى،
تەدبىرى يوق پىلان تۈزمىگىن.

رەھبەر بولساڭ، توسقۇننى يېرىپ
لاچىن كەبى پەرۋاز ئەيلىگىن.
كەڭ ئاممىنى يېتەكلەي دېسەڭ،
ئىش ئىزىڭدىن ئۆلگە تىكلىگىن.

رەھبەر بولساڭ، باشلامچى بولغىن،
گۈل ئېچىلسۇن ماڭغان يولۇڭدىن.
ئۇلچەم قىلساڭ ئەمەلىيەتنى،
"ئالتۇن تامغا" كەتمەس قولۇڭدىن.

رەھبەر بولساڭ، غادايما پەقەت،
تەكەببۇرلۇق ئەڭ يامان ئىللەت.
ئەلگە يۈۋاش چاكار بولۇشنى
ئېسىڭدە تۇت ئەبەدىل-ئەبەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

رەھبەر بولساڭ، ئەجدادلار تۇتقان
قىزىلتۇغنى كوتەرگىن ئېگىز.
توھپە قوشساڭ ئۇلۇغ ۋەتەنگە،
شانلىق نامىڭ ئۆچمەيدۇ ھەرگىز.

1980 - يىل يانۋار.

## باغۋەن مۇھەببىتى

باغۋەن دىسەم ئوقۇتقۇچىنى،
ياش ئوسمۇرلەر ئۇنىڭ كوچىتى.
مىۋە بەرسە ئاشۇ كوچەتلەر،
بۇ، باغۋەننىڭ شانۇ-شەۋكىتى.

كوچەتلەرنى ئوستۇرەر باغۋەن،
چىن يۈرەكتىن ئاڭا كويۇنۇپ.
تولسا ھور باغ گۈلگە، مىۋىگە،
باغۋەن قەلبى كېتەر سويۇنۇپ.

كوچەت ئوسمەس باغۋەن بولمىسا،
گۈل ئېچىلماس پەرۋىش قىلمىسا.
مەرىپەتلىك بولالماس ھېچكىم،
مۇئەللىمدىن تەلىم ئالمىسا.

ئوسموُرلەرگە ياقار بال كەبى،
موُئەللىمنىڭ ھەر ئېغىز سوزى.
ئىلىم-پەندە يېتىلەر ئۇلار،
ئېچىلغاندەك بوُلاقنىڭ كوزى.

باغۋەن ئەجرى-مېھنىتى ئۇلۇغ،
توھپىلىرى ئوچمەس تا ئەبەت.
يوُرىگىمدە يالقۇنلار شوُئا،
موُئەللىمگە چەكسىز موُھەببەت.

1980-يىل فېۋرال.

# زەرەپشان چېچەكلىرى

گوُل-چېچەك پەسلىدە چىقىپ سەيلىگە،
زەرەپشان،* لېۋىڭدە كوردوُم ئوزوُمنى.
يوُرىگىم يايرىدى شوُ تاپتا مېنىڭ،
زوقلاندىم ھوسنوُڭگە تىكىپ كوزوُمنى.

* زەرەپشان — ئالتۇن ئاقىدىغان دەريا دىگەن مەنىدە بولۇپ، يەركەن دەرياسىنىڭ باشلىنىش قىسمىنى كورسىتىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

سۈلىرىنىڭ ئاقماقتا ئالتۇن ۋادىغا،
ئاقماقتا ئوركەشلەپ بەكمۇ شاۋقۇنلۇق.
كەلدىممەن قىشنىڭغا بولۇپ مەھلىيا،
بولغاچقا چىن مېھرىڭ شۇنچە يالقۇنلۇق.

نىمانچە گۈزەلدۇر دىسەم بويۇڭنى،
زەر چېچىپ قىرلارغا قوشىسەن زىننەت.
سېنىڭدىن سۇ ئىچىپ ياشنىغان باغلار،
شۇ قەدەر گۈزەلكى بەئەينى جەننەت.

خۇددى توز قانىتى ئىككى ساھىلىڭ،
ئېچىلغان رەڭمۇ-رەڭ خۇشپۇراقلىق گۈل.
زوقلىنىپ باغلاردىن كەتكۈسى كەلمەي،
گۈللەرنىڭ بەرگىدە سايرايدۇ بۇلبۇل.

قوشۇپتۇ ھوسنۇڭگە يېڭىچە ھوسۇن —
نەۋ باھار ئېپ كەلگەن يېڭى مەنزىرە.
ئىشچانلار ئەجرىدىن يارالغان بۈگۈن،
بويۇڭدا ھىساپسىز شانلىق موجىزە.

زەرەپشان، ئولتۇرسام سۈيىڭگە قاراپ،
خىياللار مېنى ئوز ئىلكىگە ئالدى.

ئوتموشۇڭ بىردىنلا كېلىپ يادىمغا،
قەلبىمنى تىترىتىپ قايغۇ ـ مۇڭ سالدى:

ئاقاتنىڭ بىر زامان تولۇپ قان ـ ياشقا،
قاخشىغان خەلقىنىڭ زارىنى ئېلىپ.
ئاقاتنىڭ ھەسرەتتە تولغىنىپ ئەجەپ،
تۈگىمەس كۆلپەتنىڭ سازىنى چېلىپ.

چىدىماي ئازاپقا بىگۇنا قىزلار،
تۈگەشكەن قوينۇڭغا ئۆزىنى تاشلاپ.
مۇزىكا ئۇستازى ئامانىسامۇ،
چالاتتى ساتارنى كوزىنى ياشلاپ.

زەرەپشان! ھىلىمۇ ئېسىڭدە باردۇر،
زەلىلى بويۇڭغا كەلگەن بىر زامان.
جۇر بولۇپ ھەسرەتلىك ـ مۇڭلۇق ناخشاڭغا،
ئەشئارلار ئوقۇغان، چېكىپ ئاھ ـ پىغان.

ئۇ چاغدا ئاقاتنىڭ يۈگەنسىز ئاتتەك،
سۇلىرىڭ قۇملارغا سىڭىپ كېتەتتى.
دېخانلار زار بولۇپ بىر تامچە سۇغا،
تەشنالىق ئىچىدە پەريات چېكەتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

گۈۋاھى سەن ئاشۇ قانلىق تارىخنىڭ،
ئۇ كۈنلەر ئۆتتۈلماس ئەبەدىل ـ ئەبەت.
تاڭ بىلەن قوغلىنىپ ئەلدىن جاھالەت،
زەرەپشان!
تاپتىڭسەن بەخت ـ سائادەت!

زەرەپشان!
بويۇڭنى بېزەپتۇ بۇگۈن،
گوياكى ئۇتقاشتەك رەڭدار چېچەكلەر.
قوينۇڭدا ياڭرايدۇ جەڭگىۋار ناخشا،
ھەل بولغاچ بىز كۈتكەن ئارزۇ ـ تىلەكلەر.

چېچەكلەر ھوسىندە گويا كۈمۈشتەك،
يالتىرار كۆرەشچان خەلقىنىڭ تېرى
قوينۇڭنى تېخىمۇ گۈللەش يولىدا،
تەر توكۈپ ئىشلەيدۇ بۇگۈن ياش ـ قېرى.

1980 ـ يىل ماي.

# كومپارتىيەم

كومپارتىيەم تەربىيەڭ بىلەن،
شائىر قىلىپ ئۈستۈردۈڭ مېنى.
غەزەلخانىڭ بولۇپ بىر ئۆمۈر،
يۈرىكىمدىن كۈيلەيمەن سېنى.

سەن بولمىساڭ بىزگە پاسۋان،
دىللارغا نۇر چېچىلارمىدى؟
نەۋ باھارنى كەلمىسەڭ ئېلىپ،
باغدا لالە ئېچىلارمىدى!؟

قۇياش بولۇپ تۇماننى قوغلاپ،
يۈكسۈلۈشكە ياراتتىڭ ئىمكان.
دىلغا پۈكۈپ زامانلاشماقنى،
كۈرەشلەردە قىلدۇق بىز جەۋلان.

خىسلىتىڭدىن ئۇلۇغ پارتىيەم،
قۇدرەت تاپتى جۇڭخۇا ئېلىمىز.
بەھرى ئېلىپ قىزىللىرىڭدىن،
خوشاللىقتا چومدى دىلىمىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

سەن كورسەتكەن داغدام يول بىلەن،
ئالغا قاراپ ماڭىمىز ھامان.
لەپىلدىتىپ شانلىق تۇغۇڭنى،
قازىنىمىز يەنە شەرەپ ـ شان.

1980 ـ يىل ئىيۇل.

## ئالتۇن نۇرغا پۈركەندى يېزام

قۇچىغىغا گۈزەل يېزامنىڭ،
خاسىيەتلىك سېھرى كۈز كەلدى.
كۈز بىلەن تەڭ ئانا يۇرتۇمنىڭ —
قۇچاقلىرى زەرگە پۈركەندى.

ئەنجۈر، ئانارلىق گۈلشەن باغلىرى،
تولغان شېرىن ـ شەربەت مېۋىگە.
توزمۇ ھەتتا كىيىلەلمەيدۇ تەڭ،
يېزىمىزنىڭ گۈزەللىكىگە.

خامان، قوغۇنلۇق، قوناقلىقلاردا،
ئۆتتەك يېلىنجاپ قىزىغان ئىشلار.

ئاق ئالتۇندىن ياساپ تاغ ـ داۋان،
تىنمايدۇ ھارماس تېرىمچى قىزلار.

مەھەللىلەردە يېڭى ئۆي ـ ھوجرا،
كاتلار تولغان ئاشلىقلارغا لىق.
جاراڭلايدۇ يۇرتتا داپ ـ ناغرا،
ھەر بىر ئۆيدە قاينايدۇ شاتلىق.

چومدۇم تاغدەك ھوسۇلغا تولغان،
ھور يېزامنىڭ گۈزەل پەيزىگە.
يېزىمىزنىڭ خىسلىتى بەك جىق،
تۈگمەيدۇ قاتسام نەزمىگە.

1980 ـ يىل سېنتەبىر.

## ۋەتەن تويىغا

ئۇلۇغ ۋەتەن شانلىق تويۇڭغا
ئاتاپ يازدىم جەڭگىۋار قوشاق.
شەرىپىڭنى تۇمەن داستاندا
كۈيلىسەمۇ تۈگمەس بىراق.

قوزغىلىدۇ خىسلەتلىرىڭدىن،
ۋۇجۇدۇمدا ئوتلۇق ھاياجان.
سەن قازانغان شانۇ-زەپەرلەر
كوز ئالدىمدا بولۇپ نامايان.

ئاسمىنىڭدىن يوقىلىپ تۇمان،
ھور ۋەتىنىم ئاچتىڭ خۇشچىراي.
جىلۋە قىلدى ئالتۇن داللار،
دەريالىرىڭ ئاققاچ توختىماي.

ساڭا كەلگەن بەخت-ئامەتتىن
خەلقىم دىلى كۇلدى قانغىچە.
ئاسمان-زېمىن بولدى ئوزگىرىش
كوزىمىزنى يۇمۇپ-ئاچقىچە.

قۇتۇلۇپ ئەل روھىي كىشەندىن،
كوڭلى-كوكسى شاتلىققا تولدى.
ھەممە سەپتە قىزىتىپ جەڭنى،
ئىش-ئەمگەكنىڭ باتۇرى بولدى.

پەرھات كەبى كېسىپ تاغلارنى،
سۇ ئاققۇزدى بىپايان چولگە.

گۈزەللىكنى قىلىپ مۇجەسسەم
قۇچىغىغنى ئۇردى گۈلگە.

ساڭلارغا لىق تولماقتا ئاشلىق،
غەم قىلمايدۇ ھېچكىم ئەتىدىن.
مىڭ مەرتىۋە رازى خەلقىمىز،
گۈزەل تۇرمۇش، پارلاق بەختىدىن.

ئۇزۇن سەپەر دۇلدۇلى بولۇپ،
ئۇرلە يەنە ۋەتەن، ئانىجان.
كۈرەشلەردە قۇچقىن شان-زەپەر،
ئالقىشلايدۇ سېنى يەر-جاھان.

1980 - يىل ئوكتەبىر، ئۈرۈمچى.

## يولـداش

نەقەدەر قىممەتلىك يولداش دىگەن سوز،
چۈنكى ئۇ ھەممىگە باراۋەر-ئورتاق.
كوپچىلىك بۇ سوزنى ياقتۇرسا دىلدىن،
بەزىلەر كوڭلىدە ياقتۇرماس بىراق.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئۇنداقلار ئاڭلىسا "يولداش" سوزىنى،
ئوت ئالۇر ۋۇجۇدى رەنجىش-غەزەپتىن.
(بولار ئۇ ئىسمىغا "جاڭ" قوشۇلمىسا،
ئايرىلىپ قالغاندەك خۇددى مەنسەپتىن.)

تۇغۇلماس ھىچ كىشى مەنسۇۋى بىلەن،
مەيلى شاھ، گادايمۇ تۇغۇلار ئوخشاش.
تەڭلىكنىڭ سىمۋولى يولداش دىگەن سوز،
شەرەپتۇر ئوزئارا يولداش دەپ ئاتاش.

مەيلى ئۇ شاھ بولسۇن ۋە ياكى گاداي،
ئاتىسى قويغان ئات پەخىرلىك شۇنچە.
قوشۇلسا ئۇنىڭغا يولداش دىگەن سوز،
كوڭۇلدە شاتلىقتىن ئېچىلار غۇنچە.

شۇڭلاشقا ئادەملەر بىرى بىرىنى،
ھەرقاچان يولداش دەپ ئاتىغان ئەلا؛
يولداشلىق بۇرچىنى قىلىپ چىن ئادا،
ئەبدى باراۋەر ياشىغان ئەلا.

1981 - يىل مارت.

# مۇقام ئۇستازىغا مەدھىيە

— يەركەن ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكى سەھنىلەشتۈرگە
تارىخىي ئوپېرا — «ئامانىسا»نى كۆرگەندىن كېيىن

ئېچىلىپ پەردە ياڭرىدى مۇقام،
شاتلىق ئىلكىدە يايرىدى دىلىم.
كېلىپ ئېسىمگە شانلىق بىر تارىخ،
ئۇچتى ساماغا خىيال كەپتىرىم:

ئالدىمدا شۇ تاپ بولدى نامايەن،
ئامانىسانىڭ شۇ مىسكىن ئۆيى.
چالار ئۇ تىنماي ساتارنى مۇڭلۇق،
يۈرەكنى ئېزەر ناخشا ۋە كۈيى.

كېچىگەندىنلا ئۇنىڭ قەلبىدە،
لاۋۇلدىغاچقا مۇقام گۈلخىنى.
چاقنىدى شۇڭا بولۇتلار يېرىپ،
بولۇپ مەڭگۈلۈك سەنئەت چولپىنى.

ئۇيغۇر كىتاب ئۆيى
www.uyghurkitap.com

خەلقىمىز مۇلكى، پۈتمەس بايلىقى —
مۇقام يولىدا توكتى تەرىنى.
ئالدانمىدى ئۇ ئەجنەبىلەرگە،
سويگەچ يۈرەكتىن ئۇسكەن يەرىنى.

خانىش* باشلىق سۆيىقەستچىلەرنى،
قىلدى كۈرەشتە يەر بىلەن يەكسان.
مۇقاملار ئۈچۈن جان پىدا ئەيلەپ،
ئۇنى گۈللەشكە ياراتتى ئىمكان...

بۈگۈن مەلىكە ئامانىسانىڭ،
پارلاق ئوبرازى قىلماقتا جەۋلان.
ئۇنىڭ ئۇچمەس شانۇ-شەۋكىتى،
بولماقتا كۈرمىڭ تىللاردا داستان.

ئەسلەيدۇ مەڭگۈ ئەۋلادىم مېنىڭ،
ئاشۇ توھپىكار باتۇر قىزىنى.
دەۋرىمدە سانسىز ئامانىسالار،
چىقماقتا ئۇنىڭ بېسىپ ئىزىنى.

1981-يىل ئىيۇن.

* خانىش ئاغىچا — ئابدىرېشىتخاننىڭ ئوگەي ئانىسى، ئوپېرادا ئۇ چەتئەللىكە سېتىلىپ، مۇقامنى ئوغرىلاپ بېرىشكە ئۇرۇنغۇچى قىلىپ تەسۋىرلىنىدۇ.

## "دورا"

يالغانچىلىق بىر يامان كېسەل،
قىلىدۇ ئۇ يۈرەكنى يارا.
كىم ئۇنىڭغا بولسا گىرىپتار،
بىرىش لازىم پەيتىدە "دورا".

يالغانچىلىق ھەققىدە، دوستۇم،
ئېيتىپ بېرەي مۇنداق ھېكايە.
شۇنداق ئىشبۇ ئىبرەت ئالغۇدەك،
دىگەنلىرىم ئەمەس كىنايە.

سايىم دىگەن بولۇم باشلىغى،
بۇ "كېسەل"گە بوپتۇ مۇپتىلا.
شۇ سەۋەپتىن ئاشۇ باشلىققا،
ئىكەن ئەلنىڭ غەزىۋى تولا.

*

ئىشخانىنىڭ ئالدىدا ساقلاپ،
ئولتۇرىدۇ دائىم بىركىشى.
نىمىشقا ئۇ كەتمەيدىغاندۇ،
ياكى ئۇنىڭ يوقمىدۇ ئىشى؟

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى

بۇ ئادەمنىڭ باشلىقچا بەلگىسى،
ئېيتار سوزى باردۇ ئېھتىمال.
سەۋئۇنى بىلمەكچى بولۇپ،
كەلدىم ئۇنىڭ قېشىغا دەرھال.

دىدىم: "يولداش قاپسىزغۇ تورۇپ،
كورىمەنغۇ ھەركونى سىزنى؟"
دىدى ئۇمۇ "نەچچە ئاي بولدى،
سورىمدى باشلىق ئەرزىمنى:

خىزمىتىمدىن ئايرىلغان ئىدىم،
'ىمول' ئىدىيە كاساپىتىدىن.
ھەل بولمدى تېخى 'مەسلەم'،
بۇ باشلىقنىڭ 'شاپائىتى'دىن.

بۇگۇن كەلسەم 'ئەتە كەل' دەيدۇ،
بەكمۇ ئەرزان ئۇنىڭ ۋەدىسى.
'ئەتە'لەردىن زېرىكتىم ئەجەپ،
قاچان توگەر ئۇنىڭ ئەتىسى.

'مۇزاكىرە قىلايلى' دىگەن،
شۇ سوز ئاگا دائىملىق ئادەت.

ئالداپ ـ سىلاپ قايىتۇرۇپ تۇرار،
كەلگەنلەرگە سوزلەپ 'سىياسەت'

ئۇنىڭ يەنە بىر ئىللىتى بار،
ئەرزنى دائىم ئۇنتۇپ قالىدۇ.
بەزى چاغدا خىزمەتنى تاشلاپ،
زىياپەتكە كېتىپ قالىدۇ...

ئۇنۇتىسمۇ ئەلنىڭ ئىشنى،
نەپ ئىبلىشنى ئۇنتۇماس پەقەت.
قوزغىلىدۇ كونا كېسىلى،
ئاللىمسا بىرەر مەنپەئەت.

پىكىر بەرسە قارايدۇ تەتۇر،
ئوچ ئىبلىشقا شۇنچە ماھىر ئۇ.
سۇ قويىدۇ سامان تېگىدىن،
'ھۈنىرى' كوپ، 'ئۇستا' كادىر ئۇ.

بۇ باشلىقتىن بىزار بولغانلار،
يالغۇز مەندەك بىركىشى ئەمەس.
ساختىلىقتا چىقتى ئۇچىغا،
ئەيۋىنى ئاچسام تۈگىمەس.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تاشلىسا ئۇ يامان ئىللەتنى،
بولسا ئەلنىڭ دەردىگە دەرمان؛
رازى ئىدۇق شۇنداق كادىردىن،
قالماس ئىدى دىللاردا ئارمان...»

دىدىم ئاكا: «ئۇمىتۋار بولۇڭ،
تىكلەنمەكتە يېڭى روھ، ئىستىل.
ئارزۇيىڭىز ئاچىدۇ چېچەك،
پارتىيىمىز بولغاچقا كېپىل.»

1981 - يىل سېنتەبىر.

# رۇبائىلار ۋە پارچىلار

## 1

ۋەتەن، مېھرىڭ بىر ئەزىم دەريا،
ئۇندا ئۈزگەن بېلىقمەن گويا.
ئۇستۇم مۇنبەت قۇچىغىڭدا مەن،
چىمدىم توپاڭ ماڭا تۇتىيا.

2

سۇلىرىڭدىن ئىچسەم بىر يۇتۇم،
خۇددى تاغدەك ئاشىدۇ كۈچۈم.
رەقىپلەردىن سېنى قوغدىماق،
ئۆمۈرۋايەت شەرەپلىك بۇرچۇم.

3

ۋەتىنىم، سېنى سۆيگۈنۈم سۆيگەن،
ئىشقىڭدا ئوتتەك كۆيگۈنۈم كۆيگەن.
ئۇنتۇسام مېھرى-شەپقەتلىرىڭنى،
ھايات تۇرسامۇ ئۆلگۈنۈم ئۆلگەن.

4

يەتمەك بولساڭ شېرىن ۋەسلىگە،
ۋارىسلىق قىل پەرھات نەسلىگە.
تاغنى تېشىپ ئاققۇزغىن كەۋسەر،
غەيرەت قىلىپ غەيرەت ئۈستىگە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغقى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

## 5

يالقۇنلۇق ئوت تاۋلايدۇ زەرنى،
ئۇمىتۋارلىق ياشىنىتار ئەرنى.
كىمكى توكسە هالال تەرنى كوپ،
شۇ ئالىدۇ تاشتىن گوهەرنى.

## 6

ئەمەل - مەرتىۋەڭ ئوسسىمۇ ئەگەر،
بولغىن ئېخىمۇ سەمىمى، كەمتەر.
خۇدىڭنى بىلمەي ماختىنىپ يۇرسەڭ،
باسىدۇ ئاخىر سېنى خەۋپ - خەتەر.

## 7

هەمىشە سورۇندا تور مېنىڭ دىمە،
تور بىلەن پەگانىڭ پەرقىدۇر نىمە؟
ئاناڭمۇ تۇغمىغان توركىلا سېنى،
شۇڭلاشقا بۇنىڭدىن پەقەت غەم يىمە.

*

8

تەڭ ماگالماس ئۇدەك غاز بىلەن،
ياگاق زادى ئېزەلمەس تاشنى.
بۇ داۋلىغا قىلساڭ خىلاپلىق،
تەھقىق، يېرىپ ئالىسەن باشنى.

9

خوشامەت بەدىلىگە تاپقان ئالتۇندىن،
مىڭ ياخشى ئەجرىڭدىن ئۇنگەن بىر تىرىق.
بولمىسا سىنىڭدە ۋىجدانىي خىسلەت،
بەربىر پەسكەشسەن، گەر ئاسمانغا چىق.

10

بىشىڭغا كەلسىمۇ تاغدەك مۇشكۇلات،
بەرداش بەر ئۇنىڭغا قەددىڭنى تىك تۇت.
قالمىسۇن زەررە داغ، دىسەڭ قەلبىڭدە،
ئۇقبالىغا نەزەر سال، كوڭلۇڭنى يورۇت!

www.uyghurkitap.com

## 11

ئۆزىنى "ئاپپاق" دەيدۇ بەزىلەر،
داغلار تۇرسىمۇ گەرچە يۈزىدە.
باشقىلارغىلا تىكىدۇ توقام،
بولسىمۇ نۇرغۇن ئىللەت ئۆزىدە.

## 12

تەبى بولمىسا دىلىنىڭ ھورمىتى،
سوز بىلەن ئۇلچەنمەس ئەقىدە دىگەن.
دوست ئەمەس ئالدىدا كۆلۈپ، خۇپپيانە
تىرناقىنىڭ ئاستىدىن كىرنى ئىزلىگەن.

## 13

سىرنىڭ ئۆزى بەك پىنھان نەرسە،
قارىساڭمۇ كوزگە كورۈنمەس.
ئۆز سىرىڭنى نامەرتكە ئېيتساڭ،
پۇشايماندىن قۇتۇلمىغىڭ تەس.

## 14

خالايمەن ھەقىقى كۆلۈشنى،
كۆلكەمنىڭ مەنبى خوشاللىق.
مەسخىرە كۆلگەننىڭ چېھرىنى،
كورىمەن جۇدۇن ۋە تۇمانلىق.

## 15

"دوستۇم شاراپ ئىچتى" دەپ رەنجىپ،
مەندىن تولا قىلمىغىن گۇمان.
شاراپ ئىچىش ئەيىپ ئىش ئەمەس،
بولسا ھىساپ ھەقىقى ئىنسان.

## 16

نامەرتنىڭ قولىدىن مەي ئىچمە دوستۇم،
نامەرتنىڭ تۇتقىنى مەي ئەمەس زەھەر.
مۇبادا بۇ سوزگە قىلمىساڭ ئىشەنچ،
ئۇ تۇتقان مەينى بىر ئىچىپ باق ئەگەر...

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

## 17

بىر سىپىلغان توشۇككە ئېشەك،
ئىككىنچى رەت باسمايدۇ ئاياق.
دەسسەۋېرىپ سۇنىدۇ پۇتۇڭ،
سەن ئۇنىڭدىن ئالمساڭ ساۋاق.

1981 ـ يىل سېنتەبىر.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئابدۇرېھىم ئىسمايىل

# چەمەنزار

## ئوقۇتقۇچىمەن

پارتىيە ئەقلىدىن ئېڭى ئۇلغايغان،
مەرىپەت باغۋەنى — ئوقۇتقۇچىمەن،
ئىرادە، چىدامى گاڭغا ئايلانغان،
ئۇسمۇرلەر زېھنىنى يورۇتـقۇچىمەن.

بېرىمەن شۇ ئۇسمۇر ياش غۇنچىلارغا،
ئۇستازلىق مېھرىمدىن كويۇنۇپ بىلىم.
ئېرىشسەم شۇلارنىڭ رازىلىقىغا،
سويۇنۇپ كېتەتتى مېنىڭ ياش جېنىم.

كورۇنەر يېقىملىق ئاشۇ ئەۋلاتـلار،
ئېچىلغان خۇشپۇراق قىپ-قىزىل گۇلدەك.
سايرايدۇ ئىلىم-پەن بېغىدا ئۇلار،
باھارغا ئىشقىۋاز خوشال بۇلبۇلدەك.

ئامراقمەن ئۇلارغا پەرزەندىم سىمان،
كەلمەيدۇ يېنىدىن پەقەت ئايرىلغۇم.
دىلىمدىن ئۇلارغا ئۇزۇلمەي ئاققان
يالقۇنلۇق مۇھەببەت ـ ئامراق تۇيغۇم.

"ئۇستاز"دەپ ئېيتقاندا ئېرىپ ۋۇجۇدۇم،
خوشلۇغۇم پەلەككە يايىدۇ قانات.
قىياندەك تاشىدۇ دىلدىن غۇرۇرۇم،
ئىھ، دوستلار نەقەدەر كوگۇللۇك ھايات!

ئىشلىمەي ئىمشقا قەدرى ئەك ئۇستۇن —
مۇشۇنداق شەرەپلىك مۇقەددەس ئىشنى؟!
ئىمشقا تىزمايىن ئۇلارچۇن كۈن ـ تۈن
بۇ پولات قورغانغا ئالتۇندىن خىشنى؟!

شۇي تېلى، ماكارىنكۇ مېنىڭ چىن ئۇلگەم،
ئۇرلەيمەن شان بىلەن بېسىپ ئىزىنى.
قىلىمەن تەربىيلەپ ياراملىق ھەردەم
ئەمگەكچى خەلقىمنىڭ ئوغۇل ـ قىزىنى.

بۇ مېنىڭ قەلب سوزۇم — مەڭگۇلۇك ۋەدەم،
ۋىجداندىن تەل ـ توكۇس ئادا قىلىمەن.

يولۇمغا يولباشچى شانلىق پارتىيەم،
كەسپىمگە بارىمنى پىدا قىلىمەن.

1959 ـ يىل.

## گۈل ۋە شامال

گۈل لىۋىنى سويۇپ تەۋرىتىپ
تاڭ سەھەردە چىققان شوخ شامال:
"نىمانچە سەن خۇشپۇراق ـ گۈزەل؟"
دەپ ئۇنىڭدىن سورىدى سوئال.

كۈلۈمسىرەپ پىچىرلىدى گۈل:
"مەنسۇپ ئەمەس ماڭا بۇ شوھرەت.
گۈزەللىكتە تاپقۇزدى مۇرات،
بىلسەڭ ئانا تۇپراق ۋە مېھنەت."

گۈل سوزنى ئەپكەتتى سابا،
باھار كەتمەس ئېتىز ـ قىرلارغا.
ھوزۇر بەردى بۇندا تەر توكۇپ
ئىشلەۋاتقان ئوغۇل ـ قىزلارغا.

1961 ـ يىل.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

## سويگۇم

ناخشا ئېيتىپ ئويناقلاپ ئاققان كۇمۇش دەريالار
قىش كەلگەندە يۇۋاشلاپ، توختايدىكەن شوخلۇقتىن،
ئاقار ئامما قەلبىمنىڭ دولقۇنلاپ ئوت دەرياسى،
قىيان ياساپ، گۇكۇرەپ پەخىرلىنىش-زوقلۇقتىن.

قەلبىمنىڭ بۇ مۇھەببەت- ئىپتىخارلىق دەرياسى
ئۇلۇغ ئانا ئېلىمگە بولغان سويگۇ يىراقتۇر.
ئۇنىڭ زەررە ھىكمىتى سىغماس ئوكيان قىنىغا،
سوغدا توڭلاپ، توسقۇندا توختاشلاردىن يىراقتۇر.

قۇيۇلار ئۇ تىنىمسىز رەڭدار-گۇزەل خوتەننىڭ —
گىلىمدەك ئېلىمنىڭ شانلىق ئېتەكلىرىگە.
سىڭىپ كەتمەي زاۋاللىق-قاراڭغۇلۇق دەستىگە،
پۇركەپ ئوتەر ھاياتنى ۋىسال چېچەكلىرىگە.

1962 - يىل.

# تال ۋە ئېقىن

تال ئېقىنغا شىۋىرلاپ
دېدى: "كوپكەن شوخلۇغۇڭ.
كۈي كۈيلەيسەن تىنماستىن،
نىمە ئېيتقىن خوشلۇغۇڭ؟"

ئېيتتى ئېقىن ئويناقلاپ
ناخشا بىلەن گېپىنى:
"دائىم كورۇپ تۇرىسەن
يېزىنىڭ ھەر يېقىنى.

شۇ كورۇنگەن گۈزەللىك—
ھور ۋادىلار-ئېتىزلار؛
دۇخاۋىدەك ياپ-يېشىل—
باغلار، ئوتلاق، ئېدىرلار.

تۇپراقلىرى بى باھا
پۇتمەس نىمەت كانىدۇر.
ئەمگەكچىلەر ئەجرىنىڭ
ساخاۋىتى-شەنىدۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مەن شۇ باتۇر قوللارغا
قىممەتلىك بوپ قارايمەن.
ھەر مايسىنىڭ غولىغا
خۇددى قاندەك تارايمەن.

يېقىپ تۇرسام باغرىمنى
يۇرتۇم يېرى بېھىشقا.
توختىماستىن شوخلۇنۇپ
ئاقماي كۈيلەپ نىمىشقا!؟"

1962 ـ يىل.

## باھار جامالى

(مۇخەممەس)

"پەسىللەرنىڭ ئەركىسى" ــ كەلدى كوكۇل سويگەن باھار،
پەردە ئالغاندەك جامالىدىن چىرايلىق بىر نىگار،
كەڭ قۇچاق ئاچتى ئاڭا بۇ كەڭ ئانا تۇپراق ـ دىيار،
كوركىدە كۆلكە ـ پەزىلەت، بەختىمىزدەك بىغۇبار،
قوزغىتىپ شاتلىق تولار دىللاردا زوق ۋە ئىپتىخار.

ئۇستىگە كىيدى يېشىل كىمخاپ پايانسىز ۋادىلەر،
توق ھاياتنىڭ مەنبەى ئاشلىق ـ گوھەرنىڭ كانىلەر،
ئېچىلىپ باغدا چېچەكلەر، قىردا غۇنچە ـ لالىلەر،
خۇشپۇراقلارغا تولۇپ تاشتى تامام ھەر يانىلەر،
سەير ئېتىپ، مىڭ كوز تېپىپ باقسام ئاڭا چىقماس خۇمار.

قىلدى كۈن ئىللىق تەبەسسۇم يەر ـ زېمىنگە زوقلۇنۇپ،
كۈلدى ئاپپاق چاچ ئېگىز تاغلارمۇ ھەم خۇرسەنت بولۇپ،
ئاقتى دەريايۇ ئېرىقلەر ئابى زەمزەمگە تولۇپ،
خوشلۇغىنى سىغدۇرالماي مەدھىيە ـ كۈيلەر ئوقۇپ،
بەھرىدىن ھەردەم باھارنىڭ جان ھوزۇر ـ راھەت تاپار.

يالتىرار ئەينەككە ئوخشاش سۈپ ـ سۈزۈك زۇمرەت ساما،
قويندا ئاغامچا قاقىرلار ئۇچۇپ تاشلار سادا،
غۇقىراپ تويماس سويۇپ يۇزلەرنى ساپ مەر ـ مەر ھاۋا،
بەھرىلە ئوتلۇق يۈرەكلەرگە بولۇپ دورا ـ داۋا،
قارشى ئالغاندەك باھارنى ھەممە ياق شاۋقۇن سالار.

باشىغا جالا تاقاشقان دەل ـ دەرەختە يايرىشىپ،
ناخشىچى قۇشلار تىنىم تاپماس چۇرۇقلاپ سايرىشىپ،
ئوتلىشار ئوتلاقلىدا، تاغلاردا ئاۋۇپ، ئاينىشىپ،
يىلقىلار سەمرىپ تولۇمدەك يۇمران ئوتلار چاينىشىپ،
بۇ مەئىشەتلىك ھاياتقا گۈلباھار بەركەت قاتار.

www.uyghurkitap.com

مەجنۇنتال بوستانلىرىنىڭ پوستىنىنى سىرىپ ئېلىپ،
چاچ سالار قىزلارمۇ بەلگە چۈشكۈدەك ئۆرۈم قىلىپ،
شوخ ئوغۇللار بولسا ئوينار تال-چىۋىقتىن ئات مىنىپ،
مەلە، مەكتەپ يوللىرىدا چۇقۇراپ پى-پى چېلىپ،
بىزدە كوكلەم كۈنلىرى شۇنداق كوڭۈللۈك بەختىيار.

تاڭ سەھەر مېھنەت بىلەن شۇنچە قىزىپ كەتكەن ئېتىز،
خۇددى ئۇ غەيرەت-شىجائەت جۇش ئۇرۇپ تۇرغان دېڭىز،
بىر بىرىگە ئىتتىپاق-دوست بۇندا ھەر ئوغلانۇ-قىز،
بەسلىشىپ ھارمايدۇ ئىشلەپ ھەم سۇپەتلىك ھەمدە تېز،
بەيگىدە ئالغا ئۈزۈشكە ھەممە ئادەم ئىنتىزار.

يەلپۈنەر قىردا قىزىلبايراق چېچىپ مېھنەتكە نۇر،
تارقىتىپ تۇرغان ئوغۇت-قىغ خۇددى بىر تاغدىنمۇ زور،
كەڭ دالا — داستان، تىراكتۇر ئىزلىرى گوياكى قۇر،
باشقۇرۇپ سىيالكىنى بارغان چىرايلاردا غۇرۇر،
بۇ مەھەل پۇرسەتنى قولدىن بەرگىلى كىممۇ چىدار؟!

ھەر ئېتىز گوياكى سەھنە، شوخ جاراڭلار ناخشا-كۈي،
كوپچىلىكتە زور ئىشەنچە، ياخشى تەدبىر-ياخشى ئوي،
قىلچە شەك يوق، مول ھوسۇلنى تارتقۇزۇپ خاماندا بوي،

شاد ـ خوراملىقتا كوڭۇللۇك، قانغۇدەك ئۇيناشقا توي
پەسلى كوكلەم پەيزىدىن ئابدۇرېھىم ئىلھام ئالار!

1963 ـ يىل.

## بىر تال سەرەڭگە

چۇشۇپ كەتتى بىر تال سەرەڭگە،
ياندۇرغاندا لامپىنى ئانا.
ئېلىپ يەردىن ئاتايىن ئۇنى،
سىلىپ قويدى قېپىغا يانا.

ئەجەپلىنىپ دېدىم بۇ هالغا:
"بوپكەتتىڭىز نىمانچە پىششىق؟"
مېھرىۋانلىق ئىلكىدە شۇ دەم
ئانام ماڭا تىكىلىپ ئىسسىق

دېدى: "ئوغلۇم ماقال بار بىزدە ـــ
'ئوتمۇشۇڭنى چىقارما ئەستىن'
سەن بىلمەيسەن، ئۇ چاغ ئادەملىك ـــ
ئېتىۋارىمىز توۋەنتى خەستىن.

نەدە دەيسەن بۇ باياشاتلىق،
باي قامچىسى ئويناپتتى باشتا.
تۇگمەن چورۇپ لەغمەن يەيتتى باي،
كوزىمىزدىن ئاققان قان ـ ياشتا.

لامپا تۇگۈل، يېقىلماس ئىدى
ئۆيىمىزگە كۈنلەپ جىن چىراق.
ئوت ساقلايتتۇق تېزەك كويدۇرۇپ،
يەتمىگەچكە قۇربىمىز بىراق.

سېنىڭ داداڭ دوك بولۇپ كەتكەن
مازنى قاتتىق سۇركەپ تاختىدا...
ئۇنۇتماسلىق كېرەك شۇ ئېغىر
كۈنلەرنى بۇ شاتلىق ۋاقتىدا.“

خىجىل بولدۇم دىگەن گېپىمگە،
كوردۇم ئاڭدا خېلى چالامنى.
بىلىپ يەتتىم بەختىم قەدرىنى،
ئۇستاز بىلىپ ئىشچان ئانامنى.

1963 ـ يىل.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىلغان تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

## ئېتىز

دەۋرىمىزنىڭ نۇرلىرىدا ياشنىغان بوستان ئېتىز،
ئىشقى-مېھرىڭ ئوت يۈرەكلەر قەلبىدە گۈلخان ئېتىز.

تۇپرىغىڭ مۇنبەت-ئۇنۇملۇك، قىممىتى ئالتۇنچىدۇر،
شات-خورام قايناق ھاياتقا نېمىتىڭ كۈچ-قان، ئېتىز.

ئىشلىشەر سەندە يىگىت-قىزلار داۋام مەردانەۋار،
مەرتنى-ئىلغارنى سىناشقا ئىمتىھان مەيدان، ئېتىز.

ئەڭ كۆڭۈللۈك چاغلىرى سەندە بۈگۈن ئىشچانلىنىڭ،
ئېتىڭىڭ شادىيانە ناخشا، تەرىپىڭ داستان ئېتىز.

تەۋرىسە مايسىلىرىڭ، گويا دېڭىزنى ئەسلىتەر،
ھەر يىلى ياز-كۈزدە قەددىڭ تاغ سۈپەت خامان ئېتىز.

ئوتىمەن ئالتۇنغا ئوخشاش تاۋلىنىپ قوينىڭدا مەن،
كۆي تۈزەي، ئىلھاملىرىغا سەن غەزىنە-كان ئېتىز.

1963 - يىل.

# جياۋ يۇيلۇغا

دەۋرىمىز ئالتۇن دەۋردۇر موجىزە ـ خىسلەتكە باي،
تۇغدى، تۇغماقتا يېڭى باتۇرلىنى كوپلەپ ـ تالاي،
جياۋ يۇيلۇ ئالغان شۇلار قاتارىدىن مەرتىلىكتە جاي،
كوممۇنىستىك خىسلىتى چاچماقتا نۇرلار توختىماي،
قەلبىمىزدە، غەلبىمىزدە تائەبەت ئۇ پارلىغاي!

*

ئاغدۇرۇلغان بولسىمۇ لەنكاۋدا "3 تاغ" تەكتىدىن،
ساقلىنىپ قۇرغاق، بوران، قۇم، زەي، بۇ يەردە ئەسلىدىن،
قانچە مۇنبەت يەر ـ ئېكىننى ئەتتى نابۇت قەھرىدىن،
قىلدى مەھرۇم ھەر يىلى ئەلنى ئۈنۈمدىن ـ ئەجرىدىن،
قىلدى تارىختىن بېرى دۈشمەنلىگىنى تاشلىماي.

جياۋ يۇيلۇ كەلدى بۇ يەرگە پارتىيە مېھرىنى ئېلىپ،
ئىنقىلاۋي روھ، جاسارەتتە يۈرەك قەلبى يېنىپ،
خەلق ئۈچۈن، لەنكاۋ ئۈچۈن ئىشلەشنى چىن مەقسەت قىلىپ،
ھەم بۇنى ئالى مۇكاپات، شان ـ شەرەپ بەختى بىلىپ،
تېچ ـ قۇلاي، ئۇبدان شارائىتتا تۇرۇشنى خالىماي!

ئۇقۇدى نۇرلۇق كىتاپلارنى جېنىدىن، كۈنۈ-تۈن،
بىلدى لەنكاۋغا ئاتالغاندەك ئۇنىڭ سوزى پۈتۈن،
تاپتى چارە، تاپتى تەدبىر، كەتتى پىكرىدىن تۈگۈن،
جەڭگە ئاتلاندى قىزىق غەيرەت بىلەن ئۇ خەلق ئۈچۈن،
دەپ "ئۆلۈپ كەتسەممۇ ھەرگىز مەندە ئارمان قالمىغاي".

ئۇ كېزىپ لەنكاۋ يېرىنى بىلدى ئەھۋالنى تولۇق،
ئويلىدى: بۇ كەڭ ئېتىزلار بولغۇسى مۇنبەت، بولۇق،
پارتىيە باركى خەلقنىڭ قۇدرىتى چەكسىز، ئۇلۇغ،
بىز ئۈچۈن ھېچگەپ ئەمەس بۇ قاتمۇ-قات ئاپەت، توسۇق،
كەتكۈسى جەزمەن بۇ يەردىن كەمبەغەل ئاقلىق چىراي!

ئاقىۋەت ئاپەتلىنىڭ مەنبەلىرىنى تاپتى ئۇ،
چەكلىدى قۇمنى، بورانىنى، شورغا زەيكەش چاپتى ئۇ،
يەڭدى ھەم قۇرغاقلىنى، لەنكاۋغا كوكلەم ياپتى ئۇ،
بولسىمۇ قاتتىق كېسەل زور توھپە ئۇلگە قاتتى ئۇ،
"ئوز كۈچىگە تايىنىش" ئەڭگۈشتىرىنى تاشلىماي.

بولدى كەڭ ۋەيرانە يەرلەر مول ھوسۇلنىڭ غەزنىسى،
قىلدى بۇلبۇللارنى شەيدا باغلىنىڭكى جىلۋىسى،
يەر-جاھان تاڭ قالغۇدەك بۇ ئوزگىرىشنىڭ ھەممىسى—
پارتىيە رەھبەرلىگىنىڭ ئەلدىكى بىر غەلبىسى،
ئىنقىلاۋىي روھ كۈچىگە ھېچنىمە تەڭ بولمىغاي!

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئۇلمىدى ئۇ، تاكى مەڭگۇ بىز بىلەن بىللە ئۇتەر،
بۇ ۋەتەننىڭ ھەر يېرىدە روھى چاقناپ نۇر سېپەر،
بىزگە ئۇ ھەرجەڭ ـ كۇرەشتە مىسلىسىز ئىلھام بېرەر،
قۇچىمىز غالىپ تۇغىنى كوتىرىپ شانلىق زەپەر،
ئىز باسارىدىن بولۇپ بىز زادى ئۇگمەي ـ ئاينىماي.

1965 ـ يىل.

## غالىپ قوشۇن

(مۇخەممەس)

دەۋرىمىزنىڭ قەھرىمانى، قۇدرىتى غالىپ قوشۇن،
ئىلىمىزنىڭ تەگدىشى يوق قۇۋۋىتى غالىپ قوشۇن،
خەلقىمىزنىڭ ھەركۇرەشتە شوھرىتى غالىپ قوشۇن،
بارچە پاك ئىنسان ئىشەنچى، ھورمىتى غالىپ قوشۇن،
ھور ھاياتنىڭ قالقىنى ھەم تۇۋرىگى، غالىپ قوشۇن.

سەن بىلەن تارقاپ جاھالەتنىڭ ـ زۇلۇمنىڭ چاغلىرى،
ئاتتى نۇرلۇق ھور ھاياتنىڭ مەڭگۇ تۇنسىز تاڭلىرى،
چومدى شاتلىققا ۋەتەننىڭ يېزا ـ شەھەر، خاڭلىرى،
يايرىدى خەلقىم پاراۋان، تاپتى راھەت جانلىرى،
بۇ سېنىڭ توككەن قېنىڭنىڭ قىممىتى، غالىپ قوشۇن.

سەن بۇگۇن ئەلگە يەنە زور توھپىلەر قاتماقتىسەن،
بەختىمىز بوستانىنى ئەجرىڭدە ياشناتماقتىسەن،
قەھرىمانلىق ناخشىسىن ھەر سەپتە ياڭراتماقتىسەن،
قەلبىمىز دەرياسىدا ھورمەت بولۇپ ئاقماقتىسەن،
خۇددى كوكلەم يامغۇرىدەك شەپقىتى، غالىپ قوشۇن.

ساقلىدىڭ سەن بەختىمىزنى ياۋ ـ رەقىپىنىڭ ۋەھىمىدىن،
چېگرىدا پوستا تۇرۇپ قورقماي مۇشەققەت قەھرىدىن،
چۈنكى سەن چەكسىز قۇۋۋەت ئالغان ۋەتەننىڭ مېھرىدىن،
بەختىمىز ئۇتمەكتە تويدەك خىزمىتىڭنىڭ بەھرىدىن،
سەن بۇ مەزمۇندا ھاياتنىڭ لەززىتى، غالىپ قوشۇن.

ئىشچى سەن زاۋۇتقا بارساڭ گاڭ ـ پولات تاۋلايدىغان،
كانغا كەلسەڭ زەربىدار سەن زادىلا ھارمايدىغان،
سېخقا كىرسەڭ رەخت توقۇيسەن ھەر كىشى داڭلايدىغان،
ئۇستا شوپۇر سەن سەپەردە بىخەتەر قاتنايدىغان،
تۇگىمەس بايلىق ـ غەزىنە مېھنىتى، غالىپ قوشۇن.

يېزىغا بارساڭ ئەگەر باتۇر دىخان نامىڭ سېنىڭ،
گۇل يېزا، كەڭرى ئېتىز سويگەن گۇزەل جايىڭ سېنىڭ،
ئىشتا ھەم تۇرمۇشتا دائىم ئاما ھەمرايىڭ سېنىڭ،
ئىشلىسەڭ بىللە كۇچەپ راھەتلىنەر جانىڭ سېنىڭ،
سەندە كۇچلۇك ئىشچى، دىخان ئادىتى، غالىپ قوشۇن.

ھەم يەنە سەن ئىنژېنېر، ئالىم، ۋە دوختۇر، يازغۇچى،
خۇددى بىر چەكسىز دېڭىزدەك ئەقلى-زېھنىڭنىڭ كۈچى،
ئىشلىرىڭ يوقتۇر قىلالماس، سەن ئاسانلىق تاپقۇچى،
قوللىرىڭدا ھور كېلىچەك-كەلگۈسىنىڭ ئاچقۇچى،
ئۆس يەنە، كۆيلەي سېنى ھەر نوۋۇتى، غالىپ قوشۇن!

1965 - يىل.

## قادىر ھېزىم ھەققىدە مەرسىيە

خىسلىتى، روھى ئۇلۇغ، ئالىجاناپ قادىر ھېزىم،
ئۆتتى تەيشەنـدەك قەدىرلىك چىن ياشاپ قادىر ھېزىم.

قەھرىمانلىق بابىدا نامى ئەجەپ مەشھۇر ئۇنىڭ،
ئىپتىخار قوزغايدۇ ھەردىلغا ياراپ، قادىر ھېزىم.

دەۋرىمىزدىن تاپتى ئۇ شۇنداق ئىناۋەت-ئابروي،
ئۈمىدىنى شانۇ-زەپەرلەرگە ئوراپ، قادىر ھېزىم.

قىبلىنامە قىلدى ھەرچاغ داھىلار تەلىمىنى،
چىن ياشاشقا بۇ بىلەن تاپتى جاۋاپ، قادىر ھېزىم.

قەھرىمانلاردىن ئۆگەندى ئىشتىياق-ئىخلاس بىلەن،
باستى كۆندە ئالغا خۆددى بوپ كاراپ، قادىر ھېزىم.

بارلىغىنى قىلدى تەقدىم ئەل-ۋەتەن مەنپەئەتىگە،
خەلق ئۈچۈن ئىشلەشنى چىن بۇرچى ساناپ، قادىر ھېزىم.

نەگە بارسا قىلدى ياخشى ئىشلىنى ئىزدەپ تېپىپ،
يەڭدى بۇ يولدا جاپالارنى چىداپ، قادىر ھېزىم.

بولدى شۇنچە ئاددى-ساددا ھەمدە كەمتەر-خۇش پېئىل،
توكتى مېھرىن كۆنگە ئوخشاش يالتىراپ، قادىر ھېزىم.

ئۈچ كورۇپ يىركەندى دۈشمەن ھەم رەزىللىككە ھامان،
ۋە ئۇنى كورگەن زامان قىلدى خاراپ، قادىر ھېزىم.

ئېلىشىپ دولقۇن بىلەن قۇتقازدى ياش ئوسمۇرلىنى،
قاچمىدى خەۋپتىن ئەزىز جاننى ئاياپ، قادىر ھېزىم.

ياخشى ئەخلاق-ياخشى خىسلەتلەرنى ئۇلغايتتى راسا،
ئاممىنى تەربىيىلىدى دەۋرانغا باپ، قادىر ھېزىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كۆتىرىپ غالىپ تۇغىنى باشلىدۇق قۇتلۇق سەپەر،
بىز بىلەن ئورلەر گۈزەل مەنزىل قاراپ، قادىر ھېزىم.

1966 - يىل.

## سولدا

ئىشقا چۈشتى بىر جۈپ قىز - يىگىت،
بىر بىرىگە ياندىش سول ئېلىپ.
بەسلىشىشتى ئۇلار ئۆزئارا،
چىقماق ئۈچۈن ئوزۇشتا يېڭىپ.

مۇسابىقە قىزىدى راسا،
تونۇر تەپتى يانغان ئېتىزدا.
ئىككى ياشنىڭ ئۇرغۇپ غەيرىتى،
جۇش ئۇردى بۇ ئالتۇن دېڭىزدا.

ماھىرلارنىڭ چېكىلىرىدە
چاقنىدى تەر - زۇمرەت يالتىراپ.
شەمشەر ئوغاق پولات قوللاردا
ئويناپ كەتتى ئالغا ئالدىراپ.

ناكا قىلدى ئوغاق يىگىتنىڭ
بارمىغىنى ئۇشتۇمتۇت شىلىپ.
ئوتتۇپ كەتتى ئالدىغا قىزچاق،
بولغىچە ئەر زەخمىنى تىڭىپ.

ئارتقا بىقىپ ۋاپا بىلەن قىز
دىدى: "چاپسان يىتىشكىن ماڭا!"
جاۋاپ كەلدى ئارقىدىن: "ئوتتۇپ،
تىخى ياردەم قىلىمەن ساڭا."

چىلىنغاندەك ئالتۇن قوڭغۇراق
كۇلكە ئىچرە دىدى قىز: "ياخشى...!"
مەۋج ئۇردى بۇ بىلەن يىگىت —
قەلبىدىكى سويگۇ ئۇركىشى.

ئۇرۇۋىتىپ، ئەرنى ئوزىگە —
يەتكۇزمەكنى قىز قىلدى خىيال.
بۇنىڭ ئۇچۇن كەڭرى سولىنى
ئەرتەرەپكە كىڭەيتتى دەرھال.

چەبدەس ئوروپ يىتىشتى يىگىت،
(ياردەمدىن تارىيىپ سولى).

بىراق ئۇنۇپ كەتتى قىز رەڭگى،
كوزگە چۈشكەچ يارىنىڭ قولى.

ئېچىنىش ۋە خىجىللىقتا ئۇ:
"بىلمەپتىمەن،— دىدى،— ھالىڭنى
بىلگەن بولسام، ئالدىراتماستىم—
سەندەك گۈزەل جان نىسارىمنى."

"يىمە پۇشمان،— ئېيتتى قىزغا ئەر،—
كۈرەش قىلسا توكىلەر قان-تەر.
يېتەلمەيتتىم ساڭا ئەسلاكى،
كويۇنمىسەڭ سولۇمدا ئەگەر."

دىيىلدى جىق سويگۈ سوزلىرى،
بولۇۋاتقان مۇسابىقىدە.
ئەۋج ئالدى بارغانسېرى ئىش،
غەيرەت تېشىپ ئامراق قەلبىدە.

ئوردى ئۇلار ئومىنى ئۇزاق،
يېگەلمىدى بىر بىرلىرىنى.
باغلىغاچقا شەرەپلىك ئەمگەك
تا مەڭگۈگە چىن دىللىرىنى.

1966 - يىل.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# رۇبائىلار ۋە پارچىلار

1

يىلدىن ئەمەس ياشلىق، قىرلىق،
بۇگا پەقەت ئۇزەك سەۋەپكار.
قىرىسەنكى ياپ-ياش تۇرۇپمۇ،
گەر بولمىساڭ يىلغا تەلەپكار.

2

ۋاقىت ئۈمۈر، ۋاقىت غەزىنە،
ئىچمىش ئۈچۈن ئۇنى ئالدىرا!
توختىماي بىلەن مىڭ-مىڭ يىللارنىڭ
يادىدا قال، كۆندەك يالتىرا!

3

قەلبىم خۇددى قىپ-قىزىل لالە،
قىلاي ئۇنى ياقۇت پىيالە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى كىتابى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىرىكى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

قويۇپ ئاگا مۇھەببىتىمنى
سۇنۇپ ئوتەي ئەلگە ھامانە.

4

گۈلگە كوكلەم بولمىسا، گۈل ھوسنىگە تولماس ئىدى،
شاخىغا سايراش ئۈچۈن بۇلبۇل كېلىپ قونماس ئىدى.
بولمىسا دەۋرىم-زامانەم قەھرىمان خىسلەتكە باي،
مەندىمۇ بۇنچە ھاياجان ئىپتىخار بولماس ئىدى.

5

ئەي بۇرادەر، ياخشىلىق كۆتمە ياماندىن ھەرقاچان،
بەرگىنى بار نەدىمۇ بال نەشتىرى بىرلە چايان؟
ياخشىلىق كۆتمەك ياماندىن، بىلكى بۇ ئوخشار گويا —
يىپ ئېشىپ قۇمدا، پىچىپ سايەنى تىككەندەك چاپان.

6

ئىززەت ئىزدەشتىن بۇرۇن قىل ئوزگىگە ئىززەتنى سەن،
ياخشىلىق كۆتسەڭ، بۇرۇن كورسەت ۋاپا-خىزمەتنى سەن.
ئالغىلى قانداقمۇ بولسۇن يەرگە دان چاچماي ھوسۇل؟!
باقمىسا گەر ئەل ساڭا، كىبرەڭگە قىل نەپرەتنى سەن.

7

ياخشىنىڭ قەدرىنى بىلمەي ياخشىدىن قاچقان گۇنا،
دۇشمەننى دوست تۇتۇپ، ئىچ باغرىنى ئاچقان گۇنا.
ئاچ كىشىدىن نان تاما قىلغان كۇچۇكتەك تەلمۇرۇپ،
دۇشمەنىنىڭ كوزىگە شەپقەت تىلەپ باققان گۇنا.

8

ساختىپەزلەرنىڭ ئەزەلدىن كوزلىرى ئاچ، كوڭلى پەس،
نەپسى ئاژناپلىق بىلەن قاتتىق تاقىلدار ھەرنەپەس.
نەپسىنى پايدا، ھوقۇقتا قاندۇرۇپ ئۇتمەك ئۇچۇن،
ئىشلىتەر بولگۇنچىلىك ھەم ھىلە-مىكرى، سۇيىقەست.

9

قۇياش ھەركۇن پەلەك ئۇزرە كۇلۇپ پارلاپ قىلار جەۋلان،
ئۇنى كومگەن كومەچ دەپ ئېيتسا، پۇتكەي قايسىبىر ئىنسان.
ھەقىقەت شۇ قۇياش يەڭلىغ، ئىشەن، مەيلى ئىشەنمەۋە،
شەپەرەڭ قاغىشىدىن يەتمىگەي ئاپتاپقا ھىچ نۇقسان.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

## 10

قىلمىدىڭ ماختانغىدەك ئىش، زادى مەغرۇرلانمىغىن،
ئاز-تولا توھپەڭ-نەتىجەڭدىن قانائەت تاپمىغىن،
ئىنقىلاپ قۇربانلىرى سەنچۇن جېنىدىن كەچتىغۇ؟
بول خىجىل، غەيرەتكە تول، ئۇرلە پەلەككە، ھارمىغىن!

## 11

زەر بىلەن مىس قىممىتى ئەما ئۇچۇن پەرقسىز ئىرۇر،
ئەيلىسە بۇلبۇل ناۋا زاغلىق قىلىپ قۇزغۇن كۇلۇر.
ئىلغىماس ئەسلا ئېشەك چالسا قۇلاغىغا راۋاپ،
قىلما نادانغا ئىسىل سوز، قىل ئۇنى دەنا بىلۇر.

## 12

سوھبىتى ناجىنسلارنىڭ خۇددى خالاجاي سىمان،
ئۇندا تۇرساڭ بىر مەھەل بەدبۇيغا بۇرنۇڭ ماسلىشار.
ئۇلپىتى قىلما ئۇلارنى سەن ئوزەڭگە ھەرقاچان،
كىم نىجاسەتنى تۇتۇپ يۇرسە ئۇنىڭدىن ئەل قاچار.

## 13

گۈل دىدى بۇلبۇلغا: "سەن تۇتقۇن قىلىندىڭ نە ئۈچۈن؟"
ئېيتتى بۇلبۇل: "بىرنەپەس چەككەن ئىدىم ئىشقىڭدا ئۈن.
سايرىشىم بولغاچ يېقىملىق، ھەم سىياقىم جەلىبلىك،
ئورنىغا باغنىڭ قەپەس بولماقتا جايىم كۈنۈ-تۈن."

## 14

ۋەتىنىم! چىمدىم توپاڭمۇ گوھىرى كاندەك ئەزىز،
ھەر يۇتۇم زۇمرەت سۇيۇڭ ئابى-ناۋات، قاندەك ئەزىز.
مىڭ گۈلىستان ھوسنى بار ھەر ياپرىغىڭنىڭ چېھرىدە،
دەشتلىرىڭنىڭ قامغىغىمۇ لالە رەيھاندەك ئەزىز.

## 15

ۋەتىنىم! سەندە ياشاپ ئۆتمەك بەخت، خوشلۇق ماڭا،
يەتتە ئىقلىمدا كوڭۈللۈك سەنچىلىك جاي يوق ماڭا.
سەندە ئۆتكەن ھەر مىنۇت، ھەر سائىتىمنىڭ بەرىكىتى
مىڭ ئەسىرنىڭ راھىتىدىن-بەختىدىن ئارتۇق ماڭا.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## 16

ۋەتىنىم! ئوتتى سېنىڭ قوينۇڭدا ئەجدادىم تالاي،
تەر توكۇپ، جان بەخش ئېتىپ، بوپ قەھرىمان خىسلەتكە باي.
قالدۇرۇپ كەتتى ئۇلار سەن جانۇ-جانىمنى ماڭا،
بولمىسام ھەغدا ساڭا. سەندەك ۋەتەن نەدىن تاپاي؟!

## 17

ۋەتىنىم! ئەي غەمگۇزارىم، چىن ۋاپادارىم — ئانام،
ئاق سۇتۇڭ-شەپقەتلىرىڭنى سەن ماڭا بەردىڭ داۋام.
ئۇ مېنىڭ جىسمىمدا ھاسىل قىلدى چەكسىز كۈچ-قۇۋۋەت،
بوپ كېتەيكى تۇز كورۇڭ، ئەجرىڭنى گەر ياندۇرمىسام.

## 18

ئەل-ۋەتەننى سويمىگەندىن بەلكى ئولگەن ياخشىراق،
يەرگە خائىن مۇردىسىدىن تاپنى كومگەن ياخشىراق.
ياۋغا باش ئەككەن نىجىسنىڭ باققىچە ئەنگارىغا
سەسكىنىشسىز ئىت-ئېشەك ھايۋاننى كورگەن ياخشىراق.

## 19

جەڭگە چۈشسەم ۋەتىنىم، ئىشقىڭ ماڭا دەرمان بولۇر،
مىسلى روھىي ھالىتىم شىر، قامىتىم ئاسمان بولۇر.
نەپرىتىمنى خۇددى زور تاغدەك ئېغىر بازغان قىلىپ،
زەرپ بىلەن ئۇرسام رەزىل ياۋنى، كۇكۇم-تالقان بولۇر.

## 20

ئانىسىدىن تانسا كىمكى، ئول يىگىت-ئوغلان ئەمەس،
ۋەتىنىم-تۇققان ئانام، پەرزەندىمەن، يالغان ئەمەس.
تىغ كوتەرسە قايسى ئىبلىس جان ئانامنىڭ ئۈستىگە،
بولىمەن قالقان ئاڭا، مەن ياۋغا يالۋۇرغان ئەمەس.

## 21

جاھاندا ئوز ئانا يۇرتتىن سويۇملۇك جاي، ۋاپادار يوق،
ئۇنىڭدىن ئورۇسە كىم يۈز، ئۇنىڭدەك چوڭ گۇناھكار يوق.
ۋەتەن ھىجرىنى تارتقاندىن دوزاختا كويگىنىڭ ئەلا،
كىشىنىڭ يۇرتىدا ئوتكەن مۇساپىردىن ئوتەر خار يوق.

1962 — 1977 - يىللار.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىكىنچى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

## ئاخشىمى

(غەزەل)

مەن سىنى كۈتتۈم ئۇزاق باغىڭدا يەككە، ئاخشىمى،
بولدى ھەمرا ئاي ماڭا ئورلەپ پەلەككە ئاخشىمى.

ئايغا باقتىم، ئارزىيىڭ بولدى ئايان چىھرىدە،
ئوخشمايتتى ئۇ پەقەت سەندىن بولەككە، ئاخشىمى.

سەن تۇيۇلدۇڭ خۇددى ئايغا ئايلىنىپ كەتكەن كەبى،
ئۇشبۇ ھال سالدى مىنى تەشۇىشكە-دەرتكە ئاخشىمى.

بىر ۋاقىتلاردىن كېيىن پاتتى بۇلۇت باغرىغا ئاي،
قالمىدى سەندىن ئۇمىت كوڭلۇمدە چەككە ئاخشىمى.

نائىلاج يانماق بولۇپ تۇرغان ئىدىم، كەلدىڭ، دىدىم:
چىقمىغىل بۇندىن كېيىن ھەرگىزمۇ كوككە، ئاخشىمى.

گۈل سۇرۇختەك ئىچىلىپ قىلدىڭ تەبەسسۇم ئەي پەرى!
"چىن قوبۇل بولدۇم" دىگەندەك بۇ تىلەككە ئاخشىمى.

سورىغىنىمدا ۋاقتىدا چىقماسلىقىڭنىڭ بائىسىن،
"ئايمۇ مەندەكقۇ" دىدىڭ، ياقتىڭ يۈرەككە، ئاخشىمى.

مەن سېنى ئايدىڭ ئەمەس، ئاي چىقمىغان تۈندە كۆتەي،
قىل ئىگە ۋەسلىڭ ئىلە دولەت ـ مۈلۈككە، ئاخشىمى.

1967 ـ يىل.

## ئەي رىزىۋانگۈل، سىزنى ھەرگىز ئۇنۇتمايمىز!

ئەزىز ئانا ۋەتىنىمىنىڭ غەمگۈزارى،
نۇرلۇق تاڭنىڭ ساپ ۋىجدانلىق پىداكارى،
ئەل ـ مىللەتنىڭ شان ـ شەرىپى، ئىپتىخارى،
ئەي رىزىۋانگۈل، سىزنى ھەرگىز ئۇنۇتمايمىز!

قارا زۇلمەت بۇ ۋەتەننى قاپلىغاندا،
زۇلۇم چېكىپ خەلقىم قاڭغىر قاخشىغاندا،
ئەركىنلىككە تەلپۈندىڭىز تىيانشاندا،
ئەي رىزىۋانگۈل، سىزنى ھەرگىز ئۇنۇتمايمىز!

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

باھادىرلىق كەمىرىدە بەلنى باغلاپ،
قۇل ئۇتمەكنى دۇنيادا ئەڭ نومۇس چاغلاپ،
قاتناشتىڭىز مىللى سەپكە قىزغىن قوللاپ،
ئەي رىزىۋانگۈل. سىزنى ھەرگىز ئۇنۇتمايمىز!

جەڭچىلىكتىن شاتلىغىڭىز يەتتى كوككە،
بەستىڭىزگە زەپ ياراشتى مىلتىق، شەپكە،
چىنىقتىڭىز بويۇن ئەگمەي مۇشەققەتكە،
ئەي رىزىۋانگۈل، سىزنى ھەرگىز ئۇنۇتمايمىز!

ۋارىسلىق قىپ نوزۇگۇمنىڭ مەرتلىگىگە،
داغ قوندۇرماي ئەجداتلارنىڭ شوھرىتىگە،
جەڭ قىلدىڭىز قىساس پۇكۇپ دىل قېتىگە،
ئەي رىزىۋانگۈل، سىزنى ھەرگىز ئۇنۇتمايمىز!

ئوق ئۈزدىڭىز جەڭدە خۇددى يامغۇرسىمان،
تاپماي ئۆتتى زەربىڭىزدىن دۈشمەن ئامان.
جەسەتلەردىن قوپاردىڭىز مىسلى داۋان،
ئەي رىزىۋانگۈل، سىزنى ھەرگىز ئۇنۇتمايمىز!

توھپىڭىزدىن بولدى خەلقىم شۇنچە خوشال،
تەبرىكلىدى كوكسىڭىزگە تاقاپ مېدال.

ئالدى ئىلھام، ئۇلگە سىزدىن ھەر قىز ـ ئايال،
ئەي رىزىۋانگۇل، سىزنى ھەرگىز ئۇنۇتمايمىز!

ئارزۇيىڭىز ھەل بوپ ئاخىر تاغلار كۇلدى،
ۋەتەن قوينى سائادەتلىك نۇرغا چومدى.
قېنىڭىزدىن مەڭگۇ سولماس گۇللەر ئۇندى،
ئەي رىزىۋانگۇل، سىزنى ھەرگىز ئۇنۇتمايمىز!

كەتسىڭىزمۇ ئالەمدىن ئەي شانلىق قۇربان،
ئوبرازىڭىز قەلبىمىزدە ياشار ھامان!
قانداق چىدار ئۇنۇتۇشقا سىزنى ۋىجدان؟!
ئەي رىزىۋانگۇل، سىزنى ھەرگىز ئۇنۇتمايمىز!

1968 ـ يىل.

## ھاراقكەشنىڭ شىكايىتى

(ساتىرا)

ھاراق ـ مەيگە مەندەك ئامراق بولغان يوق،
ئەيىۋھەنناس! ئەمدى ھاراق ئىچمەيمەن.
ھاراق ئىچىپ مەندەك رەسۋا بولغان يوق،
ئۇنى ئىچكەن يەرگە مەڭگۇ كىرمەيمەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى

ھاراق دىگەن چىرىتەركەن ئىنساننى،
يوقىتاركەن نومۇس، ئەخلاق، ۋىجداننى،
ھاراق قۇيغان پىيالىگە پۇشماننى
ئالاي، بولدى، ئەسلا ھاراق ئىچمەيمەن!

* * *

مەن ئەسلىدە كەيپلىك ئىشنى بىلمەيتتىم،
كەيپ قىلغاننى ھەمدە ئوبدان كورمەيتتىم،
ھەتتا مەس ـ پەس دىگەن بىلەن يۇرمەيتتىم،
كورمەس ئىدىم ئىچىملىكنى راۋا مەن.

بىرىپ قالدىم بىركۇنى بىر ئورۇنغا،
ھاراقكەشلەر تىپىشقان بىر سورۇنغا،
ئىچىشلەر داۋام قىلدى ئۇزۇنغا،
قۇيدى ماڭا، "مەن ئىچمەيتتىم" دىدىممەن.

ئۇلار سەۋەپ ـ ئۇزرەمگە يول قويمىدى،
"خوشە ـ خوش!" ــ دەپ ئىچىشمگە زورلىدى،
كوپ تەخەشلىك قىلاي دىسەم بولمىدى،
كوتىرىشكە ئۇنى مەجبۇر بولدۇممەن.

شۇندىن بۇيان ئۇلار ماڭا يىپىشتى،
قاتارىغا قىتىپ ئۇلپەت ئىتىشتى،

ئىچىشمەكچى بولسا مېنى تېپىشتى،
ساق بېشىمغا بىر ئاغرىقنى تاپتىم مەن.

بېرىلدىممەن ئىچىملىككە قىزىقىپ،
يادىم كەلسە كەتتىم ئىشتىن ئېزىــقىپ،
ھوزۇرلاندىم ئۇنى ئىچىپ مەززە قىپ،
ئۇيسىز ئۆتكەن كۈننى ئازاپ بىلدىممەن.

يارانلارنى ھەركۈنلۈكى يوقلۇدۇم،
پۇللا تاپسام سورۇنلاردا ئوتلۇدۇم،
ئىچىشكەندە بىر جىڭغىمۇ تويمۇدۇم،
ھەرجەھەتتىن ئەھۋالىمغا باقمايـمەن.

توت سەر ئىچسەم بولار ئىدىم بەش سەر مەس،
ئىچكىنىمدە قالماس ئىدى تۇزۇك ئەس،
قىلىقلىرىم ئىدى مېنىڭ شۇنـچە پەس،
بۇنىڭ بىلەن ئابرويۇمنى توكتۇممەن.

ئېشەك سىيسە بىلىنەتتى دەريادەك،
ئوتەر ئىدىم ئايلىنىپ كور ـ ئەمادەك،
ماڭار ئىدىم دەلدۇگۇنۇپ لەقۋادەك،
كوپ كۇلكىلەر ـ زاڭلىقلارغا قالدىـمەن.

ئاجايىپتى "تەڭشەلگەن"دە تەلەتىم،
گاھى يىغلاپ، گاھ قاقاقلاپ كۈلەتتىم،
ئايال كورسەم جاننى گويا بېرەتتىم،
مەجنۇنلارچە ئۆز ئۆزەمنى ئۇنتۇپمەن.

تاياقمۇ ھەم يېدىم خەخقە چېقىلىپ،
يېتىپ قالدىم ئازگال-لايغا مىلىنىپ،
ئەپمۇ كەتتى يېقىنلىرىم ئېچىنىپ،
ئادەم تۇرۇپ ئىت كۈننى كوردۇممەن.

ئىچىپ يېتىپ قوپسام ھالىم چاتاقتى،
بېشىم ئېسىك مىسالى خام قاپاقتى،
مىجەز-تاۋىم خۇددى سولاش شاپاقتى،
بۇنداق چاغدا يالغان كېسەل ئىدىم مەن.

تەربىيە قىپ كىمكى ماڭا قىلسا گەپ،
بولار ئىدىم شۇ زامانلا دەرغەزەپ،
ئۇرىشاتتىم لۇكچەكلەرچە گۇكىرەپ،
ھېچكىمنى چىۋىنقىمغا ئىلماي، مەن.

گەپدانلىقتا كاپىلدايتتىم-ھارمايتتىم،
مەن-مەن دىگەن گەپدانلاردىن قالمايتتىم،

ئوزەمنى زەپ ئاقىل قالتىس چاغلايتتىم،
ئىدىم شۇنچە ھاكاۋۇر ۋە پاخپاق مەن.

ئويلار ئىدىم شۇنى دىلدىن قىپ ئارزۇ:
"ئېرىق-ئوستەڭ، دەريادىكى پۈتۈن سۇ —
ئىچىشىمگە ھاراق بولۇپ قالسىچۇ؟!
بىخارامان ئوتلاپ تولۇق قانسامەن."

تاپقانلىكى پۇلۇم مەيگە كېتەتتى،
پۇل بولمىغاچ ئويۇم غۇربەت چېكەتتى،
بۇ-ئەھۋالدا بېشىم قېتىپ ئوتەتتى،
تاپالمايتتىم بۇڭا ھېچبىر ئىلاج مەن.

سورار ئىدىم ئادەملەردىن تولا قەرز،
قەرزدارلىق ئىدى خۇددى ماڭا پەرز،
بېرەلمىسەم خەقلەر قىلدى ھەتتا ئەرز،
نۇرغۇن قېتىم خىجالەتكە پاتتىم مەن.

ئۇگەنگەن خۇي پۇل بولمىسا كارى يوق،
ھاراق مېنى قىلدۇردى ھەم ئوغۇرلۇق،
ئۇيۇلارمەن سوزلىسەم بۇ توغرۇلۇق،
مەيلى تىڭشاڭ بىر ئىبرەتكار بولاي مەن.

باھار پەسلى، ۋاقىت ئىدى ئەتىگەن،
قۇياش پارلاپ نەيزە بويى ئورلىگەن،
سىرتقا چىقتىم، ياندا يوقتى پۇل دىگەن،
بولدۇم ھاراق ئوتلاشقا زەپ خۇمارمەن.

"ئىش بولمىدى" — دىدىم، چاپتىم ئوتنىگە،
يىلىنىدىم، كوپ يالۋۇردىم مەن كوپلىگە،
ئەسقاتمىدى قەرزىم بولغاچ سىنىتىگە،
تېخى ئايغا ئون بەش بولماي تۇرۇپ مەن.

چارە بولماي ماڭا غەملەر ئولاشتى،
ئالا - چەكمەن بولدى كوزۇم تولاشتى،
ئىزىكلىشىپ كەيپىياتىم سولاشتى،
كوردۇم قانچە كالپۇكۇمنى يالاپ مەن.

كونمەي نەپسىم تەسەللىگە "چاپ"! دەيتتى،
"ھەرنە قىلساڭ بىرەر ئوتلام تاپ" دەيتتى،
"ھىچبولمىسا ۋىجدانىڭنى سات" دەيتتى،
قىلالمىدىم پەقەت سەۋرى - تاقەت مەن.

بۇنىڭ بىلەن كەلدىم يامان نىيەتكە،
"قىلىپ بىر رەت، قىلماسمەن" دەپ ئەبەتكە،

ماڭدىم ئاستا ماگىزىن بار تەرەپكە،
قانداقتۇ بىر چوڭتەك ئىچىن كوزلەپ مەن.

كىرىپ كەڭرى ماگىزىنىنىڭ ئىچىگە،
كوزۇم چۈشتى سولەتلىك بىر كىشىگە،
"جوندەش" ئۈچۈن چۈشتۇم ئۇنىڭ ئىزىگە،
ئەل ئىچىگە قىستاپ ـ سىغداپ كىردىممەن.

يۈرەك پوك ـ پوك شىم يانچۇققا سالدىم قول،
(قىستاڭچىلىق غەرىزىمگە ئاچتى يول)،
بولۇپتىمەن پۇل بارغۇ دەپ شۇنچە گول،
يانچۇق تېگى يوقلۇغىنى بىلمەي مەن.

تەگدى قولۇم يوتىسىغا سەل ـ پەللا،
رەڭگى ئۆچتى بۇ ئادەمنىڭ دەرھاللا،
كاپ قىپ تۇتتى ئۇنىڭ قولۇمنى شۇ ئانلا،
"تۇتۇلدۇڭمۇ؟" دىدى، ئوڭۇپ كەتتىم مەن.

يالۋۇرغانتىم: "ما ھىلىگەر بەچچىنى..."
دىدى، كاچات بىلەن ئۇردى نەچچىنى،
ئۇلاشتى خەلق، نەپرەتلىدى كوپ مېنى،
يانچۇقچىلىق قىلغىنىمغا تويدۇممەن.

دىسەم يەنە جىق ئىشىم بار كۆلكىلىك،
ھاراقكەشكە ئىبرەتلىكتە ئۆلگىلىك،
ھەممىسىنى دەپ ئولتۇرماي كۆپچىلىك،
ۋاقتىڭلارنى ئارتۇق زايا قىلىپمەن.

ھەتتاكى مەن تام بىلەنمۇ مۇڭداشقان،
ئىبرىق ئاقسا "كۆلگەن يار" دەپ سىرداشقان،
كوتەك بىلەن چاپان سېلىپ مۇشلاشقان،
دونگخوتتىن ئوتۇپ كەتكەن ئوبرازمەن.

ئوتكەزسەممۇ شۇنداق ئىشنى بېشىمدىن،
سەسكەنمىدىم يەنە يامان ئىشىمدىن،
بۇنداق بىر ئىش چىقماس پەقەت ئېسىمدىن،
ئاڭلاڭ! بۇنى سىزگە ئېيتىپ بېرەي مەن:

ھاراق ئىچىپ كىردىم بىر كەچ ئويۇنغا،
كوزۇم چۈشتى ئىسكەتلىك بىر خوتۇنغا،
كەپ ئولتاردىم يېنىدىكى ئورۇنغا،
مەسلىگىمدىن كىملىگىنى ئۇقماي مەن.

پۈتۈن دىققەت كوزلەر ئىدى ئىكراندا،
ئىدىم ئەمما مەن پەس ئارزۇ-ئارماندا،

چىكىپ كوردۇم بۇ ئايالنى شۇ ئاندا،
گەپ ـ سوزۇمدە بەك مۇلايىملىنىپ مەن.

دىدىم: "خېنىم ئۇزلىرى كىم بولىلا؟
قاي ئورۇندا، قانداق خىزمەت قىلىلا؟
قەيەردىدۇر ئۇچراشقاندەك قىلىلا،
تونالمىدىم ئوزلىرىنى شۇدەم مەن.

ئايال قىلماي سوئالىمغا سوز ـ جاۋاپ،
كورۇۋەردى كىنوسىنى توز قاراپ،
تۇرالمىدىم بۇ ئەھۋالغا ھىچ چىداپ،
دىدىم ئاستا، ئەس ـ ھوشۇمنى ئۇنتۇپمەن:

"خېنىم قويماي بىزنى ئۇنداق ئازاپقا،
ئايلاندۇرماي بۇ يۈرەكنى كاۋاپقا،
ئىلتىپات قىپ ئېغىز ئاچسىلا جاۋاپقا،
ئوزلىرىدىن سوز ئاڭلاشقا تەييارمەن.

ئايال يېنىك نەپەس ئالدى بىر تىنىپ،
قاراڭغۇدا تونالمىدىم سەپ سىلىپ،
ئويلۇدۇم: گەپ قىلمىغاندۇ تارتىنىپ،
بارغانسىرى بەك بىتاقەت بولدۇممەن.

دىدىم كۆلۈپ: نىمە ئانچە قىلىلا؟
بىزنى ئىلماي، كىمنى كوزگە ئىلىلا؟
"ئىشىق" دىگەن شۇنداق ئىكەن، بىلىلا،
ئۆزلىرىنىڭ ۋەسلىگە چىن خۇمارمەن.

ئايال يەنە گەپ قىلمىدى سوزۇمگە،
نومۇسسىزلىق تىرە ياپتىم يۈزۈمگە،
بىر ئىش قىلاي، توختا! دىدىم ئۆزۈمگە،
قولدىن بەرمەي بۇ غەنىمەت پەيتنى مەن.

پۈتۈن دىققەت كوزلەر ئىدى ئىكراندا،
پەقەت مەنلا كويەر ئىدىم ئارماندا،
تۈگمىگەنتى شەرمىم مىنىڭ شۇ ئاندا،
بۇ ئايالنى سويۈپ ئالماق بولدۇممەن.

— خىنىم، دىدىم ئاستا نوقۇپ بىقىنلاپ،
باقتى، ماڭا، سويۈۋالدىم يىقىنلاپ،
سويدۇمدە ـ يۇ، دىدى: "تۈفى، يۈزى داپ!!"
چىراغ ياقتى بىرى، ئوسال بولدۇممەن.

نۇردا كوردۇم تاغام قىزى (سىڭلىمنى)،
تىترەك باستى لاغ ـ لاغ ئاۋاق جىسمىمنى،

نىمە بولدۇم دىدىم يىغىپ ئېسىمنى،
كوزۇم ئۇۋۇلاپ ئېيتتىم "نىمە كوردۇممەن؟!"

پۇشايماندا ھاپپالدىم يۇزۇمنى،
نەپرەت بىلەن ئەيىپلىدىم ئوزۇمنى،
رەسۋالىقتا راۋا كوردۇم ئولۇمنى،
گورگە كىرمەي تىرىك تۇرۇپ ئولدۇممەن!!

مېنى كورگەن كوزلەر غەزەپ ياندۇردى،
ئېغىزلار تەڭ يۇزمىڭ لەنەت ياغدۇردى،
دىمەك ھاراق مېنى شۇنداق ئازدۇردى،
شۇ ئورۇندا توڭگۇز ئاتاق ئالدىم مەن.

ھىچ ئۇتمىگەن بولغىيدى بۇ ئالەمدە،
ئىنسانلىغىن قىلغان مەندەك دەپسەندە،
شۇنداقمۇ بەك بولامدىغان شەرمەندە!؟
مەي ئىچكەنگە قاراڭ! شۇنداق تويدۇممەن.

تۇكۇرۇلگەن تۇكرۇكلەرنى بېتىمدىن
سۇرتۇپ، قوپۇپ ئورۇن تۇتقان يېرىمدىن،
چىقىپ كەتتىم ئىزا ئوتۇپ جېنىمدىن،
ئويگە قانداق كەلگىنىمنى ئۇقمايمەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

شۇندىن بۇيان ئىچمىدىم مەي ـ ھاراقنى،
ئىچكەن يەرگە باسمىدىم پۇت ـ ئاياقنى،
قوبۇل قىلىپ ئاشۇ ئاچچىق ساۋاقنى،
ئىچمىلىكتىن ئۈزۈل ـ كېسىل قالدىم مەن.

ھاراقكەشلىك بۇزۇپ دىمەك ئىنسانىنى،
يوقىتاركەن نومۇس، ئەخلاق ـ ۋىجدانىنى،
ھاراق قۇيغان پىيالىگە پۇشمانىنى
ئالاي، قايتا ھەرگىز ھاراق ئىچمەيمەن!

*

بۇ ھەجۋىنى ئوقۇغان ئەي ئامۇ ـ خاس،
كوپ ئىچمەڭلار مەينى، مەندىن ئىلتىماس،
ھاراقكەشلىك دەۋرىمىزگە ياراشماس،
يامان ئىشنى كىم تۈزەتسە خۇرسەن مەن.

1970 ـ يىل.

## ئىتتىپاق ئەزاسىمەن

بەختىيار، نامى شەرەپلىك ئىتتىپاق ئەزاسىمەن،
بۇ ۋەتەن گۈلزارلىغىنىڭ بىر گۈلى رەناسىمەن.

قوينىدا تەربىيىلىدى گۈگۈچكۈتۈەن ساغلام مېنى،
مەن ئۈنىڭ بىر ئوت يۈرەكلىك جەڭچىسى - ئەزاسىمەن.

پارتىيە تەلىمى بەردى ئاك ۋە ساپ ۋىجدان ماڭا،
شەپقىتى - بەھرىدە بولدۇم ياشلىنىڭ ئەلاسىمەن.

ئۇ ئۈگەتتى كىم بولۇشنى، كىم ئۈچۈن ئىشلەشنى ھەم،
شۇ بىلەن بولدۇم خەلقنىڭ ئەڭ يېقىن ئەسراسىمەن.

بارلىغىمنى بەخش ئەتتىم شۇ بۈيۈك مەقسەت ئۈچۈن،
خۇددى جۇش ئۇرغان مۇھەببەتىنىڭ بولۇپ دەرياسىمەن.

غەيرىتىم ئۈستۈن، ئىرادەم شۇنچە يۈكسەكتۇر بۈگۈن،
بۇ ۋەتەننى 4 تە گۈللەش قەيسىرى تەشناسىمەن.

كەلتۈرەرمەن بۇ ئەزىز دەۋرىمگە لايىق شان - شەرەپ،
ئەگىشىپ پارتىيىگە بولغاچ كۈرەش شەيداسىمەن.

1976 - يىل.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# يار بىلەن

(غەزەل)

سەيرى ئەتتىم باغ ئىچىنى بىركۈنى ئول يار بىلەن،
شەرم-ھايالىق، چىن ۋاپالىق، گۈل مەگەر دىلدار بىلەن.

بولدى كوپ شىرىن تەكەللۇملەر مۇھەببەت توغرۇلۇق،
كۈلدى دىل رەيھانلىرى بۇ سوھبەتۇ-گۈلزار بىلەن.

ئېيتتى يايرىم ئاخىرى: "ھەرگىز بولۇشمايلى جۇدا،
كەتتى ھىجران تۈنلىرى، ئۆتمەيلى بىز خۇمار بىلەن."

مەن دىدىم: "جانان سېنىڭ ئېيتقانلىرىڭ يوللۇق، لېكىن
ئايرىلىشمايلى دىسەڭ، ئەلنى سويەيلى نار[1] بىلەن."

يار دىدى: "سەن ياخشى كورگەننى كورەي مەن ياخشى ھەم،
تەڭ سۈرەي راھەت، جاپانى سەن دىلىم خۇشتار بىلەن."

---

[1] نار — ئوت-يالقۇن.

مەن دېدىم: "مەنچۇن ۋەتەن، خەلقىم سويۇملۇك، ئەڭ ئەزىز،
يارسىز يۇرمەكلىگىم تەگدۇر ئازاپ-دىشۋار بىلەن."

يار دېدى: "جانىم پىدا بولسۇن مىنىڭمۇ ئەل ئۇچۇن،
ئىپتىخارلىقتا تۇراي خىزمەتلىرىگە زار بىلەن."

مەن دېدىم: "ئارزۇيىمىز چىقتى دېمەك بىر نۇقتىدىن،
بىللە ئۇرلەيلى سەپەردە مىڭلىغان تۇلپار بىلەن."

يار قىيتلىدى دەۋتىمگە خۇش تەبەسسۇم كورسىتىپ،
كۇلدى باغ، قىلدى ناۋا بۇلبۇلمۇ تەڭ گۇپتار بىلەن.

1976 - يىل.

## دىۋە بىلەن بوۋاي

(چوچەك)

ياشىغانكەن بىر يوغان دىۋە بۇرۇن،
بىر جەزىرە قوينىنى ئەيلەپ ئورۇن.

ئۇ ئەجەپ يۇگلۇق ۋە سەت، مەينەت ئىكەن،
تەققى-تۇرقى شۇنچە بەدھەيۋەت ئىكەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورىكى
www.uyghurkitap.com

خۇددى ئاسماندەك ئىگىزكەن قامىتى،
يوق ئىكەن كورمەككە ئادەم تاقىتى.

باشلىرى گوياكى زور تاغدەك ئىكەن،
ئاغزى بولسا خۇددى كەڭ غاردەك ئىكەن.

كوزلىرىدىن ئوت چاقاركەن باقسا گەر،
تەۋرىنەركەن ئاچچىغىدا تەپسە يەر.

هەر دەرەختنى ئۇ ئالالاركەن يۇلۇپ،
قۇم قىلالاركەن قورام تاشنى مۇجۇپ.

ۋەھشىلىكتە يوق ئىكەن هىچ تەڭدىشى،
هەممىگە ئۇندىن كېلەر كەڭ تەشۋىشى.

مەيلىچە ئۇ ئۇچرىغان جاننى تۇتۇپ،
تويغۇزاركەن قارنىنى يالماپ يۇتۇپ.

ئاخىرى قالماپتۇ دەشتتە هىچ تىرىك،
بوپتۇ بۇ ياۋۇزغا قان ئەت هەم يىلىك.

بىر كۇنى قارنى ئۇنىڭ غايەت ئېچىپ،
دەشتتە يەم دەردى بىلەن بارسا كېتىپ،

كورۈنۈپتۇ بەك يىراقتا بىر نىمە،
ھېچ قاچاندا كورمىگەن بىر سىر نىمە.

"بۇ ماڭا كەلگەن نىسىۋە، ئېھتىمال"،
دەپتۇ-دە، كوڭلى بولۇپ قالتىس خوشال.

ئاتلىنىپتۇ شۇ زامان ئۇل ياققا ئۇ،
خۇددى ئوخشاپ كوچۇۋاتقان تاققا ئۇ.

يۇگرىشىدىن دەشت-باياۋان بوپتۇ چاڭ،
خۇددى تۇنگە ئايلىنىپتۇ ۋاقتى تاڭ.

كەپتۇ مەنزىلگاھقا ئۇچقاندەك يېتىپ،
كورسە بىر ھايۋان ئىكەن ئاۋاق-زەئىپ.

ئوز ئوزىگە دەپتۇ: ئاۋال گەپ سوراي،
قايسى مەخلۇقاتلىغىنى بىر ئۇقاي.

سوزلىبان ئېيتىپتۇ: ئەي سالپاڭ قۇلاق!
كىم بولۇرسەن ۋە نىچۇن كەلدىڭ بۇ ياق؟!

دەپتۇ ئۇ تىترەپ تۇرۇپ: "نامىم ئېشەك،
دىلدا ئىخلاسىم ساڭا كوپ شۇنچە بەك.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىكەت ئادرېسى

ئاقكوڭۇل، مومىن ـ ياۋاش ھايۋانى مەن،
بولسا نە خىزمەتلىرىڭ تەييارى مەن.

ئەسلىدە بىر تۇزچىغا مۈلك ـ قۇل ئىدىم،
تۇرمۇشىنى ئۇتكۇزۇشتە ئۇل ئىدىم؛

نەچچە يىل ئۇتتۇم ئاڭا خىزمەت قىلىپ،
ھەر كۇنى كۇرمىڭ ئېغىر مېھنەت قىلىپ.

كورمىدىم ئۇندىن پەقەت خوۋلۇقنى مەن،
دائىما تارتتىم زۇلۇم ـ زورلۇقنى مەن؛

تىللىدى، ئۇردى تاياق بىرلە داۋام،
بەرمىدى ئوز ۋاقتىدا سۇ ۋە تائام؛

بولمىغاچقا ھېچ ئىلاج كەتتىم قېچىپ،
ۋە ساڭا تارتىپ پاناھ قالدىم كېلىپ".

دەپتۇ دىۋە: "بەكمۇ ئوبدان ئۇچرۇدۇڭ،
ئاچ ئىدى قارنىم، كوڭۇلنى خوشلۇدۇڭ.

مەن سېنى يەيمەن شۇ دەم قىلماي رەھىم،
بەلكى يىمەسلىككىمۇ يوق تاقىتىم".

”بىر گېپىم بار دەۋالاي، — دەپتۇ ئېشەك،
— رازىمەن ئاندىن مېنى قىلساڭ يىمەك.“

”بوپتۇ، تېز ئېيت“ — دەپتۇ دىۋە يول قويۇپ،
دەپتۇ بىچارە ئېشەك قورقۇپ تۇرۇپ:

”سەن ئىرۇرسەن بۇ دىيارغا پادىشا،
مەن — مۇساپىر مېهمىنىڭمەن، بىناۋا.

قايسى ئويلۇك ئولتۇرەر مېهمانىنى؟
قايسى مەرت تاپقان بوزەك بىچارىنى؟

سەن مېنى تاپساڭ بوزەك ئوبدان ئەمەس،
يەڭسە كىم ئاجىزنى، ئۇ پالۋان ئەمەس.

راستلا مەرت بولساڭ ئەگەر، كۈچلۈكنى تاپ،
كۈچ سىلىشتۇرماقدا تەڭ تۇشلۇقنى تاپ“.

قىپتۇ تەسىر ئۇشبۇ گەپلەر دىۋىگە،
چاڭ سىلىشتىن قول يىغىپ ”نېسۋىگە“.

دەپتۇ: ”ئېيتقىل، كىم مېنىڭ تەڭتۇش-خىلىم؟
كورستەي ئاڭا كۈچۈمنى بىر قېتىم“.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىرلىك ئادرېسى

"تەگدىشىڭ، — دەپتۇ ئېشەك، — ئىنسان ئىرۇر،
خۇددى سەندەك قۇدرىتى چەندان ئىرۇر".

بولسا شۇنداق، قوي مېنى ئۇچراشتۇرۇپ،
يەي ئۇنى ئورنىغا تېز ئالماشتۇرۇپ.

"ماقۇل" — دەپتۇ ئېشەك ھاگراش بىلەن،
ئېپ مېڭىپتۇ دىۋنى ئالداش بىلەن.

* * *

بار ئىكەن دەشتىنىڭ چېتىدە بىر بوۋاي،
چاچ-ساقىلى خۇددى ئۇچتەك، خۇشچىراي.

كۆپنى كورگەن ئەقلى چوڭ، دەنا ئىكەن،
چارە-تەدبىر باغىدا رەنا ئىكەن.

ئەپكىلەركەن ھەركۈنى دەشتتىن ئوتۇن،
مەيلى بولسۇن كۈن ئوچۇق ياكى جۇدۇن.

ئۇ ئېنى شەھرى بازارغا ئاپىرىپ،
تۇرمۇشىن قامدايدىكەن پۇلغا سېتىپ.

ئادىتىچە بىر كۈنى تاڭدا بوۋاي
كەپتۇ ئويدىن دەشتكە يولدا توختىماي.

بۇندا باركەن بىر قەدىمىي چوڭ تىرەك،
بەكمۇ قاخشال، قامىتى ئاسمان پەلەك.

ئولتۇرۇپتۇ بۇندا سەل-پەل دەم ئېلىپ،
ناشتىلىق يەپ خاتىرىنى جەم قىلىپ.

شۇندا بىردىن بوپتۇ ئالەم چاك-تۇتەك،
دىۋىنى ئەگەشتۇرۇپ كەپتۇ ئېشەك.

ئىككىسى بوپتۇ بوۋايغا روبىرو،
دىۋە ئېيتىپتۇ ئېشەككە: "قايسى بۇ؟"

"بۇ بولۇر بىز نەچچە كۈنلەر ئىزدىگەن
ھەممىدىن كۈچلۈك، زىرەك ئادەم دىگەن".

ئۇشبۇ سوزگە دىۋە چۈمپۈتمەي پەقەت،
قوزغىلىپتۇ ئاچچىغى شۇ دەم قەۋەت.

دەپتۇ: "ئالداپ ئەكېلىپسەن سەن مېنى،
بۇ گۇنايىڭچۇن چوقۇم يەيمەن سېنى".

"ئەمىسە سورىغىن ئۆزىدىن پۈتمىسەڭ،
بولسا يالغان مەن رىزا قانداق يىسەڭ".

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

دىۋە شۇ چاغدا بوۋايغا بىر قاراپ
دەپتۇ: "راست ئىنسانمۇ سەن، بەرگىن جاۋاپ."

"توغرا، مەن ئىنسانىيەت"، — دەپتۇ بوۋاي،
قىلچە قورقماي ئورنىدىن ۋە سىلجىماي.

بۇنى ئاڭلاپ دىۋە سەت قاھ-قاھ ئۇرۇپ،
زاڭلىق ئەتكەندەك كۈلۈپتۇ خوشلۇنۇپ.

لەرزىگە كەپتۇ ئۇنىڭدىن دەشت-ياۋان،
ئۆز سوزىنى قىپتۇ ۋە بۇنداق بايان:

"ئاڭلىغانىتىم ئادىمى نامىڭنى مەن،
كورمىگەنىتىم بۇ سىياق ھالىڭنى مەن؛

ئويلىغانىتىم قامىتىڭنى ئەڭ ئىگىز،
ھوشۇقىغا بەلكى كەلمەس دەپ دېڭىز.

چاغلىغان ھەم قۇدرىتىڭنى زور ئەجەپ،
دەسسىسە تاغنى قىپقىلغاي يەرگە دەپ.

نەدە بولسۇن بۇ سۇپەت؟! كوردۇم سېنى،
كەپتۇ يالغان تەرىپىڭ ئالداپ مېنى.

شۇنى ئېيت، كەلدىڭ بۇ ياققا نە ئۈچۈن؟!
كىمنى ئىزدەيسەن بولۇپ بۇندا يوچۇن؟“

ئۇزىنى ئاقىل بوۋاي تەمكىن تۇتۇپ،
دەپتۇ: ”كۈتكەنتىم سېنى مەن ئولتۇرۇپ.

مەقسىدىم ئەردى قىلىش سەن بىرلە جەڭ،
يەرگە بەرمەكچى ئىدىم قانىڭدا رەڭ.

تەلىيىمگە سەن ئۇزەڭ كەپسەن يېتىپ،
بۇ كۈچۈم تەمىنى كورمەككە تېتىپ.“

دەپتۇ دىۋە: ”شۇ گېپىڭ راست بولسا گەر،
چۈش قېنى مەيدانغا، كىمنى كىم يېڭەر؟!“

دەس تۇرۇپتۇ ئورنىدىن شۇئان بوۋاي،
دەپتۇ: ”تەلۋىمنى ئورۇنلا، جەڭ قىلاي.

تەلۋىم شۇلدۇر: كۈچۈم يوقتۇر شۇ دەم،
ئەپكېلەي ئويدىن ئۈنى قىلغىن كەرەم.

ئاڭغىچە كۈتكىن مېنى تاقەت بىلەن،
قاچمىغىن قورۇققا خاس ئادەت بىلەن.“

"ئېيتقىنىڭنىڭ ھەممىسىگە مەن ئۇناي،
كەلگىچە سەن كۈچ ئېلىپ، ساقلاپ تۇراي".

"تۇرمىغىڭ راست بولسا گەر، — دەپتۇ بوۋاي،
— ئاڭغىچە سېنى تىرەككە بەنت قىلاي".

"مەيلى تاڭساڭ تاڭ، بۇنىڭغا رازىمەن،
ھەرنە شەرتىڭ ئالدىدا مەردانىمەن."

شاتلىنىپ بۇ گەپ بىلەن ئاقىل بوۋاي،
ياۋنى يەڭمەككە راسا قايىل بوۋاي،

خورجۇنىدىن ئاپتۇ زور ئاغامچىنى،
بەنت ئەيلەپتۇ تىرەككە دىۋنى؛

يولغا جىددىلىك بىلەن بوپتۇ راۋان،
ئالدىراپ كەپتۇ ئۆيىگە شادىمان.

ئاپتۇ ياغ، گۆگۈت ۋە ئوتكۇر پالتىنى،
يوق قىلىشقا دىۋە — ئەقلى كالتىنى.

كەپتۇ قايتىپ دۈشمىنىنىڭ ئالدىغا،
دۈشمىنى ساپتۇ نەزەرنى پالتىغا.

دەپتۇ: "ئەپكەلگەن كۈچۈك شۇمۇ سىنىڭ؟
"ھە، مۇشۇ، — دەپتۇ بوۋاي، — ئالغاي جىنىڭ".

بۇنى ئاڭلاپ دىۋە قاتتىق چىقىراپ،
بوشىنىشقا تەمشىلىپتۇ ئالدىراپ.

ئۇشبۇ مەزگىلنى بوۋاي ئەۋزەل بىلىپ،
ئوت قويۇپتۇ گول تىرەككە ياغ چېچىپ.

كوككە ئورلەپتۇ ئىگىز ئوت لوقۇراپ،
دەشت گويا بوپتۇ تونۇر يالقۇن تاراپ.

دىۋە ئەندىشتە تىپىرلاپ-يۇلقۇنۇپ،
قىپتۇ كوپ ھەركەت غەزەپ-قەھرى تۇتۇپ.

ئاجرىتالماي ئۇ ئۇزىنى بەنتتىن پەقەت،
قومۇرۇپ ئاپتۇ تىرەكنى ئاقىۋەت.

بۇ مەھەلدە پەم-پاراسەتلىك بوۋاي،
ئوت يۈرەكلىك، مەرت-جاسارەتلىك بوۋاي.

ئىشقا ساپتۇ ئوينىتىپ ئاي پالتىسىن،
چۇۋۇۋېتىپتۇ دىۋىنىڭكى كاللىسىن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

شاتلىنىپتۇ بۇ زەپەردىن ھەممە يان،
بوپتۇ تىپلىق دەشت ئىچىگە ھوكمىران.

بۇنى كورگەن دەشتتىكى قورققاق ئىشەك
كەپتۇ خىزمەتكە بولۇپ پايۇ-پىتەك.

دەپتۇ: "ئۇتكۇزگەن گۇناھىمنى كەچۇر!
ئالما يادىڭغا، سوراي سەندىن ئۇزۇر!

پۇتكىچە ئومرۇم قىلاي خىزمەت ساڭا،
يەتكۇزەي قۇربىمكى بار مەنپەت ساڭا".

"توۋا قىلدىڭ، بولدى ئوتتۇم" — دەپتۇ چال،
بۇ بىلەن ھاڭراپ ئىشەك بوپتۇ خوشال.

خورجۇننى ئۇستىگە ئارتىپ مىنىپ،
غەلىبىلىك دەشتتىن بوۋاي كەپتۇ يېنىپ.

* * *

ئەي ياران! بۇ يازغىنىمدىن مۇددىئا:
ھېچنىمە ئادەمگە يەتمەس زادىلا.

ئىشقا سالسا ئەقلىنى كىمكى ئەگەر،
دىۋىدەك ياۋ، مۇشكۇلاتلارنى يېڭەر.

تۇنى كۈندۈز قىلدى ئىنسان ئەقلىدىن،
بولدى ئاي، يۇلتۇزغا مېھمان ئەقلىدىن.

بول ئەقىللىق، كوپ بىلىملىك، كۆچكە تول،
ئەلنى گۈللە، ئەلگە مەڭگۈ يارى بول.

1977 ـ يىل.

## كۈيلە، راۋابىم!

(مۇخەممەس)

مەن سېنى ئالسام قولۇمغا تەن ـ تېنىم يايرار، راۋاپ،
چالغىنىمدا جۇش ئۇرۇپ ئىلھاملىرىم قاينار، راۋاپ،
ئۇنىسەڭ قەلبىمنى چەكسىز ئىپتىخار قاپلار، راۋاپ،
تارلىرىڭدىن توختىماي شاتلىقلىرىم يامرار، راۋاپ،
شۇل سەۋەپ ئامراقلىغىم ھەردەم ساڭا بىسيار، راۋاپ.

دەر ئىدى ئۇتمۇش ستەمكارلار سېنى ئەيلەپ مازاق:
"ساز بولامدۇ بۇ قەلەندەرلەر كوتەرگەن بەش قۇلاق؟"
ھول ئىدى پەدىلىرىڭ، ئاققاچقا كوزلەردىن بۇلاق،
دەردۇ ـ ھەسرەت تاغى باسقاچ تارلىرىڭ ئەردى ئۇلاق،
ئەرك، خوشاللىقتا ئىدىڭسەن شۇنچە تەشنا ـ زار، راۋاپ.

ئاشۇ يىللاردا سېنى كەلدىم يېنىمدىن ئايرىماي،
بىللە ئېپ چىقتىم ئېتىز ـ ئەمگەككە ئەسلا تاشلىماي،
قانچە مۇدھىش تۈننى ئۆتكەزدىم چېلىپمەن ئۇخلىماي،
سەن بىلەن روھلاندى يوقسۇل، ئەمما بۇندىن قورقتى باي،
مېھنىتىم، روھىمغا بولدۇڭ ھەرقاچان ھەمكار، راۋاپ.

ئايرىلىپ يۇرتتىن يىراق يەرلەردە سەرگەردان بولۇپ،
يۈرگىنىمدە چولدىمۇ پىغانىمان سەرسان بولۇپ،
سەن يەنە كەلدىڭ مېنىڭ دەردىمگە كوپ دەرمان بولۇپ،
پاش قىلىپ زۇلمەتنى چالدىم خۇددى مەن قۇربان* بولۇپ،
سىرلىرىم ـ ئارزۇلىرىمنى قىپ ساڭا ئىزھار، راۋاپ.

تاڭ ئېتىپ بەختىمگە ئاخىر، نۇرغا چومدى ئەل ـ دىيار،
قايغۇلار كەلمەسكە كەتتى، مەڭگۇ بولدۇڭ بەختكە يار،
دەۋرىمىزنى كۈيلىدىڭ بۇلبۇل سۈپەت بى ئىختىيار،
تولدى دەريالار مۇھەببەتكە سېنىڭدە ھەممە تار،
ئامىتىڭگە يەر ـ جاھان بولدى شۇئان ئىقرار، راۋاپ.

كورستىپ بەردى نىشانەڭنى ئۇلۇغ ئالتۇن نۇتۇق،
ماختىدىڭ يۈكسەك پەزىلەت، قەھرىمانلارنى تولۇق،

---

* قۇربان ــ «ئانارخان» فىلمىدىكى قۇربان.

ئەلگە بەردىڭ مىسلىسىز ئىلھام، قۇۋۋەت-روھىي ئوزۇق،
ياۋ، رەزىللىككە بولۇپ كەلدىڭ ئەجەللىك زەربە—ئوق،
ئىنقىلاپ، جەڭلەر ئۈچۈن بولدۇڭ قورال، دەركار، راۋاپ.

بىر مەھەل توت بەدنىيەت دولەتكە ئاپەت ياغدۇرۇپ،
تاشلىدى سەنئەت بېغىمدىن لالە-گۈللەرنى يۇلۇپ،
سەن راۋابىم ھەم قاماق-زىندانغا كەتتىڭ سولۇنۇپ،
ئوتتى ئاۋازىڭغا شۇنچە قەلبىمىز تەشنا بولۇپ،
پارتىيەم قىلدى ئازات ياۋنى ئېتىپ تارمار، راۋاپ.

سەن چېلىندىڭ پايتەخت-شاڭخەيدە... خەلقىم ئاڭلىدى،
ھەممە مىللەت ئوز سازىدەك ياخشى كوردى، داڭلىدى،
ئاڭلىغانچە دىل سويۇندى، دوست كوڭۇللەر قانمىدى،
خەلقارادا ھەم ساڭا ئالقىش-چاۋاكلار ياغدۇردى،
قانچە چالساممۇ سېنى قانماس دىلىم دىلدار، راۋاپ.

تېخىمۇ كۇيلە ۋەتەننى، داھى، گۈڭچەنداڭنى سەن،
قەلبىمىز مەڭگۇگە سويگەن بۇ ئىسىل ھور تاڭنى سەن،
كۇيلىگىن شاتلىق ۋەتەننى، كوممۇنىستىك ئاڭنى سەن،
ئىشچى، دېخان، جەڭچىنى—گوياكى جىسمى گاڭنى سەن،
سېنى چالماققا ھەمىشە شائىرىڭ تەييار، راۋاپ.

1968 — 1978 - يىللار.

## يىلتىز ۋە تۇپراق

قارىغاي ئۇسەر مەغرۇر، بىمالال،
تاللىماستىن شارائىت ۋە جاي.
ياشار ئۇزىگە تايىنىپ ھالال،
يېلىنماي ۋە تەمەننا قويماي.

ئۇسەر كوككە تىنىمسىز ھامان،
شۇنچە چىك ۋە مەردانە بەستى.
جامالىدا باھار نامايان،
بولسىمۇ قىش زىمىستان پەسلى.

قارىغايغا بۇ ئىسىل پەزىلەت
پۇتۇلگەن يەر بەرگەن قۇۋۋەتتىن.
ئۇزۇلسە بۇ قۇۋۋەت سەل پۇرسەت
قۇرۇپ، قارىغاي قالار شوھرەتتىن.

مەن ئوخشايمەن ئاشۇ قارىغايغا،
يىلتىزلىرىم — ۋەتەنگە مېھرىم.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ۋەتەن قۇۋۋەت بەرمىسە ماڭا،
تاماملىنار ھاياتىم، ئۆمرۈم.

1978 - يىل.

# ئۇلۇغ زۇڭلى

(مۇخەممەس)

ۋەتەننىڭ ئوت يۈرەك ئوغلى، جاسارەتلىك ئۇلۇغ زۇڭلى،
بويۇك ماركس يولىغا چىن ساداقەتلىك ئۇلۇغ زۇڭلى،
كۆرەش-خىزمەتتە ئەڭ قابىل، پاراسەتلىك ئۇلۇغ زۇڭلى،
ئاجايىپ پاك ۋە ھەققانى ئادالەتلىك ئۇلۇغ زۇڭلى،
جاھاندا نامى زەپ مەشھۇر ئىناۋەتلىك ئۇلۇغ زۇڭلى.

ئىدىڭىز بۇ ۋەتەنگە بەك ياراشقان بىر ئىسىل رەھبەر،
سەممى، ئاقكۆڭۈل، خۇشخۇي، چىقىشقاق، ساددا ھەم
كەمتەر،
ئىدىڭىز شۇنچىلا روھلۇق، زەبەردەست-قەھرىمان، قەيسەر،
پەخىر ئەيلەر ئىدى سىزگە پۈتۈن ئىشچى، دىخان، ئەسكەر،
پەزىلەت بابىدا قالتىس كامالەتلىك ئۇلۇغ زۇڭلى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئاتالدى بەختىگە ئەلنىڭ مۇھەببەت ـ مېھرىڭىز مەڭگۈ،
پۈتۈن كۈچ ـ قۇربىتىڭىز ھەم پاراسەت ـ زېھنىڭىز مەڭگۈ،
ئارامنى تەرك ئېتىپ ئۆتتى كۈرەشتە ئۆمرىڭىز مەڭگۈ،
يېزىلدى نۇر بىلەن تارىخ بېتىگە قىسسىڭىز مەڭگۈ،
گۈزەل دەۋرىم ـ زامانەمگە ساداقەتلىك ئۇلۇغ زۇڭلى.

تولۇپ دەھشەت قارا تۈنگە مىسالى يەر بىلەن ئاسمان،
ئېغىر ئۈچ تاغ ئازاۋىدىن ۋەتەن چەككەندە دەرت، ئەپغان،
ئۆزىڭىزنى بالالارغا قىلىپ خۇددى پولات قالقان،
يورۇقلۇق كۆرسىتىپ چاقناپ گويا كى بولدىڭىز چولپان،
خەلققە غەمگۈزار، ئامراق ساخاۋەتلىك ئۇلۇغ زۇڭلى.

قەدىردان داھى ئۇستازغا ئىدى ساپ كۆڭلىڭىز ئەسرا،
قۇرۇپ بىرلىكتە ئەڭ غالىپ قوشۇننى ئەتتىڭىز بەرپا،
ئۆزۈن مۇشكۈل سەپەردە بولدىڭىز شۇنچە يېقىن ھەمرا،
شۇ چۇڭچىڭ تەنپەنىدە قىلدىڭىز جىياڭ جىيىشىنى رەسۋا،
ھامان ھېچ نەرسىدىن قورقماس شىجائەتلىك ئۇلۇغ زۇڭلى.

جاپالىق ئەجرىڭىز سىڭگەچ شەرقتە مەڭگۈ تاڭ ئاتتى،
قۇياشى بەخت ـ سائادەتنىڭ ئانا تۇپراقنى نۇرلاتتى،
ياشاردى گۈل ـ گىيالار باغدا بۇلبۇللار قوشاق قاتتى،

ئەسىرلەر ئارزۇيى قانغاچ خوشاللىق دىلنى پايراتتى،
كۈنىمىز بولدى سىز بىرلە پاراغەتلىك، ئۇلۇغ زۇڭلى.

ھىمات بولغاچقا سىز بىزگە ياراتتۇق مول زەپەرلەرنى،
تايىنىپ ئۆز كۈچىمىزگە، توكۇپ ئەمگەكتە تەرلەرنى،
يېڭى موجىزگە تولدۇردۇق يېزا-قىشلاق، شەھەرلەرنى،
چېكىندۇردۇق قۇيۇنلارنى، ھۇجۇملارنى، خەتەرلەرنى،
يېڭىشتا بەردىڭىز بىزگە كاپالەتلىك، ئۇلۇغ زۇڭلى.

جاھانغا شوھرىتىمىز كەڭ تارالدى سىز بىلەن ھەردەم،
ئېزىلگەن ئەلنى چىن قوللاپ ئۇلارغا بولدىڭىز ھەمدەم،
ئىدى مەۋقە، ئىرادىڭىز گويا گاڭدىنمۇ مۇستەھكەم،
ئۇسال قىپ كەلدىڭىز ياۋنى كۈرەشلەردە تۇرۇپ بەردەم،
بەئەينى تەۋرەنمەس تاغدەك قىياپەتلىك ئۇلۇغ زۇڭلى.

ئەزەلدىن سىزگە توت ئىبلىس يامان كوزدە قاراپ كەلدى،
راسا غالجىرلىشىپ، ئىتتەك ھېيىقماستىن قاۋاپ كەلدى،
لېكىن خەلقىم يانا سىزنى ئۇلۇغ زۇڭلى ساناپ كەلدى،
ئىسىل ئوبرازىڭىز ئوچمەي ئۇنىڭدىن نۇر تاراپ كەلدى،
مىسالى مېھرى ئاپتاپتەك ھارارەتلىك ئۇلۇغ زۇڭلى.

ئۇلۇغۋار پارتىيەم تەدبىر قىلىپ يوق قىلدى ئاپەتنى،
ۋە قوغداپ قالدى تەسلىكتە ياراتقان ھور سائادەتنى،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تامامەن ئۇگشىدى ئەلدە خاراپ بولغان قىياپەتنى،
تۇتۇپ يادىدا سىز بىزگە قىلىپ ئوتكەن دالالەتنى،
بولۇر ئارزۇيىڭىز جەزمەن ئىجاۋەتلىك ئۇلۇغ زۇگلى.

بولۇپ قالدۇق جۇدا سىزدىن لېكىن مەڭگۇ ياشايسىز سىز!
كوگۇل ئاسمانىدا ئوچمەيدىغان نۇرلۇق قۇياش، ئاي سىز،
ياراتقان توهپىڭىز نۇرغۇن، مەدەت ئىلهامغا ئەك باي سىز.
سەپەردە بىز بىلەن بىللە بولۇپ تېز ئالغا چامدايسىز،
هەمىشە قەلبىمىزدە سىز پاساهەتلىك ئۇلۇغ زۇگلى!

1978 ـ يىل.

## پۇكەي ئالدىدا

پاكىزە كىيىنگەن بىر جۇپ ئەر ـ ئايال،
تالادىن دۇكانغا كىرىشتى خوشال.
كەينىدىن ئەگەشكەن ئوماق ئوغلىغا
يېڭى كەش ئالماقنى قىلىشىپ خىيال.

بېرىشتى ئاياق مال سېتىش ئورنىغا
ـ كەلسىلە، ـ قارشى ئالدى پىركازچىك تۇرۇپ،
ـ قايسى مال لازىمكى هەر بىرلىرىگە؟
دىدى يۈز ـ چېهرىگە تەبەسسۇم تولۇپ.

— كورەيلى، ئالــسلا ئاۋۇ ئاياقنى، —
كورسەتتى ئىشكاپنى قول بىلەن دىخان.
ئەپكەلــدى گوياكى پەرۋانە بولۇپ،
خۇشچىراي پىركازچىك ئاياقــنى شۇئان.

ئۇزاتتى هورمەتتە نەرقىنى ئىيتىپ،
"ئەرزانكەن" دىدى ئەر قولىغا ئىلىپ.
— ئالايلى مۇشۇنى، دىدى ئايالى، —
بالىغا بىر قېتىم كەيدۇرۇپ بېقىپ.

كەيدۇرۇپ كورگەندە ئاياقنى دادا،
پۇتىغا پەرزەنتىنىڭ كەلدى سەل كىچىك.
بۇ چاغدا ئىككى جۇپ كەش ئىلىپ يانا:
— بۇنىڭدىن خىللايلى، — دىدى پىركازچىك.

كەلمىدى ئاياقلار پۇتقا زادى خوپ،
پىركازچىك قايتىدىن ئالدى باشقىنى.
مۇشۇنداق كورسىتىش بولدى كوپ قېتىم،
مەۋج ئۇرۇپ قەلبىدە سويگۇ تاشقىنى.

خېرىدار بۇ هالدىن ئوڭايسىزلىنىپ،
دىدى: كوپ ئاۋارە قىلدۇق سىلىنى.

— ياق، — دىدى پىركازچىك ئۇلارغا كۈلۈپ،
— ۋەزىپەم سىتىشتۇر دولەت مىلىنى.

ئەپكەلدى پۇكەيگە ئۇ يەنە ئاياق،
خوپ كەلدى بۇ نوۋەت ئولچەپ تىككەندەك.
خوشلۇقتىن ۋىلىقلاپ كۈلدى شوخ ئوغۇل،
تەخسىگە قاشتېشى، مارجان توكـكەندەك.

چىن دىلدىن تەشەككۈر ئېيتىپ ئەر ـ ئايال،
خوشلاشتى بۇ ئوگلۇق پىركازچىك بىلەن.
يولبويى دېيىشتى ئۇلار ئۇز ئارا:
"مال ساتقان بۇ يولـداش ياخشى نىم دىگەن!"

1978 ـ يىل.

## بوۋاينىڭ سوزى

"قېرىپ قاپسىز" دىسەم، مامۇت بوۋاي ئېيتتى: "تېخى ياشمەن،
ۋۇجۇدۇمدا قوۋۋەت نۇرغۇن، مىجەز، ھەركەتتە شوخ ـ شاشمەن؛

قىلالايمەن ئېتىزلىقنىڭ ئىشىنى باللىرىم قويسا،
تېنىم ساغلام، ئەگەرچەندە يىسەم سىڭگەي گويا تاش مەن.

غېمىم يوق، توققۇزۇم تەلـدۇر ئۇتەر چاغىم پاراغەتتە،
مىسالى خۇشپۇراق چاچقان قىزىل لەيلىگە رەڭداشمەن.

مېنى شات ـ بەختىيار قىلدى سويۇمـلۇك پارتىيەم زەپمۇ،
قىياس قىلسام سويۇنچەمدىن ئۇزەمنى، خۇددى باغراشمەن.

قاراپ ساچۇ ـ ساقاللىمغا 'قېرىپ قاپسىز' دىمە ئۇغلۇم،
چۇشەر تاغـلارغىمۇ ئاق قار، چىنار ـ قارىغايغا ئوخشاشمەن.

ساقال ـ سۇمبۇت بولالمايدۇ قېرى ياشلىق ئۇچۇن ئولچەم،
قارا روھىمغا! باتۇرلار بىلەن ئۇرلەشتە يانداشمەن.

چېچىمنىڭ رەڭگىنى سورىساڭ، قىلىنغان ئاق گىرىمدۇر ئۇ،
ئۇزەم گوياكى بىر ئەرتىست، ساڭا ياشلاردا تەڭداشمەن."

1979 ـ يىل.

## ۋاقىتنى قەدىرلە، دوستۇم!

(غەزەل)

قەدىرلەپ ۋاقىتىڭنى سوي ـ كەتكۇزمىگىن بىھۇدە، بوش،
سەن ئۇنى ئۇتكۇز ھەمىشە ئەھمىيەتـلىك، شۇنچە خوش.

www.uyghurkitap.com

چۈنكى ئۇ قىممەت باھا ئۆمرۈڭ، غەنىمەت بايلىقىڭ،
كەتسە بۇ مۈلكۈڭ قولۇڭدىن پايدا بەرمەس قايغۇرۇش.

بول ئاگا ھەغدا-ئىگە، ئاخىرغىچە سالغىن يۈگەن،
ئادىتىڭ بولسۇن ۋاقىت-پەيت بىرلە سۈرئەت قوغلۇشۇش.

بارچە غەلبە، كەشپىيات، بارچە بەخت ۋاقىت ئىچرەدۇر،
زور گۇناھ غەپلەت ئىشىدا بۇ گوھەرنى سۇندۇرۇش.

سەرپ ئەتكەندە ۋاقىتنى ئال باراۋەر زەر-ئۈنۈم،
مەقسىدىڭ بولسۇن ھەمىشە ياخشى توھپە قالدۇرۇش.

ئۆتتى كوپ ئاقىل تارىختا ۋاقىتنى چىن قەدىرلەپ،
يازدى قامۇس، ئاچتى يول گەر بولسىمۇ چەكلەش-توسۇش.

ئىشلىدى ئۈنتۈپ ئۆزىنى شۇنچە قەيسەرلىك بىلەن،
ئادىتى بولدى ۋاقىتنى ئەجرىدە نۇرلاندۇرۇش.

ئۈلگە ئال دوستۇم ئۇلارنىڭ بۇ پەزىلەت، روھىدىن،
بەلكى سەن ئۈندىنمۇ كوپ دەۋرىڭگە ئۆز ھەسسەڭنى قوش.

چۈنكى سەن باتۇر يېڭى ئەۋلات ئىرۇرسەن-جەڭچىسەن،
پۇرسىتىڭدۇر بەكمۇ كەڭرى، بۇ ئىلە خوشلۇققا توش.

قىل ئىجات، قوۋچىغىن زەپەر ۋاقىتنى ئەلگە بەخش ئېتىپ،
ئىشقا ئاشسۇن پات زامانــلاشقان ئۇلۇغ دولەت قۇرۇش.

1979 ـ يىل.

## ئېتىزدا
### (غەزەل)

يېتىپ كەلگەندە ھۆت پەيتى ئېتىزلىقتا سىپلىپ يولنى،
كېتىپ بارسام كوزۇم كوردى يىراقتا رەڭمۇ ـ رەڭ گۇلنى.

"بۇ مەزگىل گۇل ئېچىلمايتتى، نە ئىش بۇ"؟ دەپ بولۇپ ھەيران،
نىيەت قىلدىم ئېنىق كورمەككە شۇ كوپ لالە ـ سۇمبۇلنى.

بارار ئورنۇمدا يۈز ئاچقان شۇ "گۇلشەن"گە قاراپ ئۆچتۇم،
بۇ دەمكى كەيپىياتىم ئەسلەتتى زار بۇلبۇلنى.

ئاجايىپ ئىنتىزارلىقتا ئۇلاشتىم "گۇللىگە" ئاخىر،
بۇ گۇللەر ئەسلى قىزلاركەن، ئوزىگە تارتتى كوڭلۇمنى.

قىشىغا كەتمىنىم بىرلە يېتىپ كەلدىم ھاياجاندا،
ئۇلارنىڭ سۇرئىتى ئىشتا نامايەن ئەتتى دۇلدۇلنى.

تەشەككۈر ـ ئاپىرىن ئېيتىپ قېتىلدىم بۇ چېۋەرلەرگە،
تېرىمنى بىللە ئاققۇزدۇم ئۇقۇپ شات، ناخشا مەرغۇلنى.

ئەجەپ ئىلھام بەخش ئەتتى ماڭا ئەمگەكتە بۇ ياشلار،
ئېچىدىن تاللىدىم قالتىس چىرايلىق بىر قىزىلگۈلنى.

سەھەرنى كەچكە يەتكۈزدۇم بۇ ئىشچان قىز بىلەن ئىشلەپ،
ۋە قويدۇممەن ئۇنىڭ باتۇر، چىدامـلىق روھىغا قولنى.

يېڭىشتۇق بىللە ئەمگەكتىن، قىلىـپ بىز ئۈزئارا ۋەدە،
بۇ ۋەدە سالدى ئايرىلماس ئۇمۇرلۇك سويگۈگە ئۇلنى.

1979 ـ يىل.

## شائىرغا

(مۇخەممەس)

سائادەتلىك گۈزەل دەۋران ئارا بولـدۇڭ خوشال، شائىر،
يېتىپ كەلدى يېڭىش پەيتىڭ قۇچۇپ ئىلھام ۋىسال، شائىر،
قېنى، بۇ مەردۇ ـ مەيداندا تالانتنى ئىشقا سال، شائىر،
تولۇقتۇر سەن ئۈچۈن ئەمدى بەلەن پۇرسەت ئامال، شائىر،
ئىجات قىل زوقۇ ـ شوق بىرلە كېچە ـ كۈندۈز پائال، شائىر.

ھوكۈم سۈرگەندە توت مەلئۇن، بولۇپ دەپسەندە خارلاندىڭ،
زۇلۇم ئىسكەنجىسى بىرلە سىقىلدىڭ، شۇنچە قىينالدىڭ،
"گېزەندە"، "ئەكسىيەتچى" ۋە "قارا يىپ" دەپ ئەيىپلاندىڭ،
نەزەربەنتكە ئېلىندىڭ، تۈرمىدە ياتتىڭ، ئازاپلاندىڭ،
كوزۈڭدىن ئاقتى ياش-خۇناپ، ساڭا بولدى ئۇۋال، شائىر.

جىنايەت بولدى يازساڭ ئەل-ۋەتەننىڭ شەنىنى كۈيلەپ،
قىزىلگۈللەر ئېچىلدۇرساڭ، يۇلۇپ تاشلاندى بىر-بىرلەپ،
يېزىشقا قىلمىدى رۇخسەت ھوقۇقۇڭنى تامام چەكلەپ،
كورەڭلەپ كەتتى قۇزغۇنلار "ئاكاڭ قارىغاي بىرىنچى!" دەپ،
ھوقۇقنى تارتىۋالماقنى قىلىپ مەقسەت-خىيال، شائىر.

خەلققە زورلىدى ساتماق بولۇپ ئۇتمەس ماتاسىنى،
كىمىكى بولسا نارازى شۇئان بەردى جازاسىنى،
ئىنجات، سەنئەتكە كەلتۈردى گويا توپان بالاسىنى،
سۈكۈت، تىمتاسچىلىق قۇچتى ۋەتەننىڭ تاغ-دالاسىنى،
كۈچەيتتى سەندە ئۇچمەنلىك، غەزەپنى ئۇشبۇ ھال، شائىر.

ئۇلۇغ كومپارتىيە قۇربى بىلەن يورۇپ ئاشۇ تۈنلەر،
ۋەتەنگە نەۋ باھار كەلدى، ئېچىلدى رەڭمۇ-رەڭ گۈللەر،
ناۋا قىلدى ئۇرۇپ خەندان گۈلىستان ئىچرە بۇلبۇللار،
كوڭۇللۇك ئۇشبۇ دەۋراندىن سويۇندى شۇنچە بۇ دىللار،
ساڭا ئىلھام پەرىسى زوخلۇنۇپ ئاچتى جامال، شائىر.

چومۇپ ئالەمچە خوشلۇقتا قولۇڭغا گاڭ قەلەم ئالدىڭ،
دىلىڭنى قاپلىدى سويگۇ مىسالى ئوت بولۇپ ياندىڭ،
شۇ ئوتلۇق ئىشتىياقىڭدىن شىېر- نەشئارىلەر يازدىڭ،
ئىجادىڭنى كورۇپ "بەختىم" دىدىڭ چىن ئىپتىخارلاندىڭ،
خەلققە ئاقتى قەلبىڭدىن بەئەينى شىرنە- بال، شائىر.

سىنىڭ نەزمەڭ ئىېتىز، زاۋۇت، قىسىملارغا تاراپ كەتتى،
ئۇنىڭ ھەر بىر سوزى بەكمۇ كوڭۇللەرگە ياراپ كەتتى،
ئىلىپ ئىلھام ئۇزۇق ھەركىم ۋەتەنگە جان پىدا ئەتتى،
قۇچۇشقا مول زەپەرلەرنى راسا مەرتلىكنى كورسەتتى،
ئىجادىڭ بولدى بارلىق جەڭ- كۇرەشلەردە قورال، شائىر.

گۇزەل دەۋرىم تەقەززا توت نىشان- مەنزىلگە يەتمەككە،
سەپەردە ئالدىرايدۇ ھەركىشى ئالدىغا ئوتمەككە،
قىنى، سەن ھەم قەلەم تۇلپارىغا مىن، ئورلىگىن كوككە!
كۇيۇڭ- نەزمەڭ بىلەن بەرگىن مەدەت- ئىلھاملىنى كوپكە!
سويۈملۈك بۇ دىيار تاپسۇن راسا گۇللەپ كامال، شائىر.

1979 - يىل.

## يېزا دوختۇرى

(غەزەل)

ئاتايدۇ گۇلئۇزارىمنى "سەپەرنىڭ زەربىدارى" دەپ،
كۆرەش-خىزمەتتە قابىل، ئەل-ۋەتەننىڭ ياخشى يارى دەپ.

ئۇنىڭكى كەسپىنى سورىساڭ، قىلار يېزىدا دوختۇرلۇق،
سويەر بۇ ئىشنى ھەر دائىم دىلىنىڭ ئىنتىزارى دەپ.

كېسەل-مەجرۇھنى كورگەندە بولۇر كوڭلى پاراكەندە،
سانار دەردىنى بىمارنىڭ ئوزىنىڭ تەن ئازارى، دەپ.

بولۇپ پەرۋانەۋار كۈن-تۈن قېشىدىن ئايرىلالمايدۇ،
ئۈرۈق-پۈشتۈم بىلەن ئوخشاش ئۇلارنىڭ ئەتىۋارى دەپ.

ئۇلارنى كوپ قېتىم يوقلار كۈنىگە تەكشۈرۈپ نەچچە،
سوراپ ھال، ئىچكۈزەر دورا، بۇ مېھرىم يادىگارىم، دەپ.

شىپا تاپقۇزدى ئۇ نۇرغۇن بىناپلارنى داۋالاشتا،
ئولۇمدىن سولمىسۇن بالدۇر ھاياتىنىڭ چىنارى، دەپ.

ئۇنى كورگەندە ئەزرايىل قاچار مىڭ يىل يىراقلىققا،
ئېتىلمەس بولدى مەن كۈتكەن تىرىكنىڭ گور-مازارى، دەپ.

ھېرىپ-چارچاشنى ئۇنتۇپ ئۇ مىنۇتتەك ئۆتكۈزەر كۈننى،
ئۇشۇق ئىشلەپ ئارام ئالماس، ئۆزەمنىڭ ئىختىيارى، دەپ.

ئاڭا بەختۇ-شەرەپ — خەلقى كېسەللىكتىن شىپا تاپسا،
بىلەر ھەم ئۇ بۇنى بۇرچى، ئورۇنلانغان مۇرادى، دەپ.

بۇ يەڭلىغ ياخشى دوختۇرنى يېتىشتۈردى يېڭى دەۋرىم،
قۇرۇلسۇن ھور ۋەتەننىڭ پات گۈزەل تۇت لەيلىزارى، دەپ.

ئۇنىڭ ئىش-ئىزلىرىدىن زور ئېلىنىپ ئىلھام غەزەل يازدىم،
چېچەك ئاچسۇن جىمى جايدا ئېسىل خىسلەت باھارى، دەپ.

1979 - يىل.

## گۈزەل كەلدى

(غەزەل)

ئېتىزلىققا كېلىپ تۇرسام يىراقتىن شوخ غەزەل كەلدى،
غەزەل بىرلە تولۇن ئايدەك چىرايلىق بىر گۈزەل كەلدى.

كورۇپ ئول دىلرابانى تەن-تېنىمگە سىغمىدىم شۇ دەم،
ھاياجان ۋە خوشاللىقتىن گويا كوڭلۈمگە سەل كەلدى.

قېتىلدى ئەل قاتارىغا يېڭىمدىن ئالدى بىر كەڭ سول،
بۇ ھالدا كوڭلىمىز بىرلە ئىشىمىز دەلمۇ-دەل كەلدى.

چۇشۇپ كەتتۇق ئورۇم-جەڭگە: "ئورۇشتا بەسلىشەيلى" دەپ،
قىلىشقان ئەھدىمىزنى چىن سىنايدىغان قەرەل كەلدى.

ئورۇشتۇق بىز ئۇزاق ھارماي راسا قوزغاپ جاسارەتنى،
توكۇلدى تەرلىرىمىز زەپ كوڭۇللۇك بىر مەھەل كەلدى.

دىيىشتۇق "ئىككىمىز دائىم مۇشۇنداق بىللە ئىشلەيلى"
شۇئان خۇددى ئېغىزلاردىن لەزىز-شىرىن ھەسەل كەلدى.

دىمەك بىز ئىككى ياشنىڭ رىشتى چىڭ باغلاندى ئەمگەكتە،
چىرايلارغا تەبەسسۇمدىن گويا ياقۇت لەئەل كەلدى.

1979 - يىل.

# ۋەتەنگە مۇھەببەت

(قەسىدە)

ۋەتىنىم ئىشقىدا يانماق دائىما ئادەت ماڭا،
بۇ مۇھەببەت ـ ئىشتىياق چەكسىز بەخت ئامەت ماڭا.

چۈنكى مەن سەندە تۇغۇلدۇم، ئۇلغىيىپ بولدۇم يىگىت،
ئاق سۈتۈڭ ـ شەپقەتلىرىڭدىن كەلدى بۇ قامەت ماڭا.

سەن بىلەن تاپتىم ئەقىل، تاپتىم نومۇس، ۋىجدان، غۇرۇر،
ھەم بەخش ئەتتىڭ جەسۇرلۇق، ياخشى خۇلق ـ خىسلەت ماڭا.

كەلدى بەخت شان ـ شەۋكىتىڭدىن خەلقى ـ ئالەم ئالدىدا،
بۇ بەخت شاتلىق، شەرەپ چىن ئابروي ـ ئىززەت ماڭا.

بارچە قىلغان ياخشىلىق ئەجرىڭنى ئېيتسام بىھساپ،
سەن ئۇنى بەردىڭ ۋاپادارلىقتا بى مىننەت ماڭا.

سەندە بۇ دۇنياغا كەلگەنلىك ئۇلەمىڭ رازىمەن،
ھەر دەقىقەڭمۇ تۈمەن يىل قەدرىدەك پۇرسەت ماڭا.

سوﻳۇنەرمەن سەن بىلەنلا ، سەن تەمەننايىم مېنىڭ،
سەن ئىبسىيادىم، جېنىمدا، سەن يېقىن ئۇلـپەت ماڭا.

تاقىتىم يوق زادى سەندىن ئايرىلىشقا بىر مىنۇت،
مىڭ قېتىم ئۆلگەنگە تەڭدۇر بىر قېتىم ھىجرەت ماڭا.

سەن كەبى بىر مەملىكەت دۇنيادا يوقتۇر مەن ئۈچۈن،
نۇر جامالىڭدىن كورۇنمەس قىلچىلىك ئىللەت ماڭا.

يىپ ئېشەلمەيدۇ سىياقىڭ ئالدىدا باغى ـ ئەرەم،
مىڭ بىھىشنىڭ ھوسنى سىڭگەن سەن گۈزەل جەننەت ماڭا.

تۇپرىغىڭدۇر مىسلى ئالتۇن، تاشلىرىڭ ياقۇت ـ گوھەر،
ھەر گىيايىڭ كوزگۇسى تۇرلۇك ـ تۇمەن زىننەت ماڭا.

باغلىرىڭنىڭ جىلۋىسىدىن تارقىلۇر كوكلەم ـ باھار،
چوللىرىڭ كورمەكلىگىم گۈل كەشتىدەك ئىشرەت ماڭا.

ئىچسە ئۆلگەننى تىرىلدۇرگەي گويا كەۋسەر سۇيۇڭ،
ساپ ھاۋايىڭدۇر شىپالىق ھەم ھوزۇر ـ راھەت ماڭا.

تەنگە ھەر چاينام نېنىڭ تاغ يۇتكىدەك بەرگەي قۇۋۋەت،
تەمى نازۇ ـ نىمىتىڭنىڭ بال ماڭا، شەرۋەت ماڭا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

سەن دىمەك شۇنداق ئەزىز، شۇنداق سويۇملۇك جان ئانام،
سېنى سويمەكتىن بولەك يوقـتۇر بۈيۈك خىزمەت ماڭا.

رازىمەن دوزاقتا كويسەم، سۇغا چوكسەم سەن ئۇچۇن،
راھىتىڭ تۇرسۇن، جاپايىڭــمۇ ئەجەپ لەززەت ماڭا.

ئىنتىزارمەن، مۇنتىزىرمەن خىزمىتىڭگە كۈنۇ-تۇن،
چايقىسام باش ياكى سۇس تۇرسام ئوقـى لەنەت ماڭا.

ئېتىۋارىم قان تىرىمنى ساڭا توككەنلىكتىندۇر،
بارنى يەپ "تەييارغا شەيخ" بولماقـقا يوق تاقەت ماڭا.

ئارزۇيۇم: بوينۇمدىكى قەرزىڭنى قىلماقـلىق ئادا،
بۇ ئۇچۇن قىلسام كۇرەش سەندىن كېلۇر غەيرەت ماڭا.

دەشتكە بارسام مېھنىتىم دەشتلەرنى گۇلزار ئەيلـگەي،
ياۋغا قارشى جەڭگە چۇشسەم يۇزلىنەر نۇسرەت ماڭا.

ئىشقى-مېھرىڭدۇر دىمەك باتۇرلۇغىمـنىڭ مەنبى،
زەررىچە سەندىن سوۋۇش چەكسىز بالا-ئاپـەت ماڭا.

بارلىغىمنى تا ئەبەت مەقسەتلىرىڭگە سەرپ ئېتەي،
رازى بولساڭ سەن مېنىڭدىن، بۇكى زور دۆلەت ماڭا.

1979 - يىل.

## تاڭ شامىلىغا

(مۇخەممەس)

ئەي تاڭ شامىلى يەتكۈز ئۇل يارغا سالامىمنى،
چېگرادا گۈزەت تۇرغان دىلدارغا سالامىمنى،
ئەل-يارى ئۈچۈن كۈن-تۈن خۇشتارغا سالامىمنى،
ئىشقى ئوتىدا كۆيگەن بىدارغا سالامىمنى،
جەڭلەردە جەسۇر-غەيۇر شۇڭقارغا سالامىمنى.

چېگراغا مېڭىشتا يار قەلبىنى ئايان ئەيلەپ،
ئېيتقانتى: "سېنى سۆيدۈم مېھرىمنى قىيان ئەيلەپ،
بۇ ئىشقنى سوۋغات ئەيلەپ كۆڭلۈمنى تومان ئەيلەپ،
ھىجرانغا چىدايمەن يۇرت-بەختىنى ئامان ئەيلەپ،
خارلىققا يولاتمايمەن سەن جانۇ-نىسارىمنى."

بۇ سۆز گەۋھىرىن ساقلاپ كۆڭلۈم قۇتىسى—ئەستە،
يارىمغا تىزىپ كەلدىم سۆيگۈ گۈلىدىن دەستە،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ۋەسلىنى كۈتۈپ ئۆتتۈم دەردىگە چىداپ تەستە،
مېھنەتنى قىلىپ ھەمرا، كەڭ يۇرتقا تىكىپ كەشتە،
نۇر بىرلە بىزەپ ياشلىق پەيتىمنى — باھارىمنى.

يارىمنى سېغىنسام يۇرت-سەھراغا نەزەر قىلدىم،
ھۆسنىنى سېغىنسام گۈل رەناغا نەزەر قىلدىم،
قەددىنى سېغىنسام سەرۋ زىباغا نەزەر قىلدىم،
مېھرىنى سېغىنسام گەر دەرياغا نەزەر قىلدىم،
شۇ بىرلە بېسىپ كەلدىم كورمەككە خۇمارىمنى.

يوللاپتۇ يېقىندا يار خەت-نامە "ئامان مەن" دەپ،
قوغداپ بۇ دىيارىمنى سويدۇم ھەرقاچان مەن، دەپ.
قۇزغۇننى يېڭىپ قۇچتۇم جەڭدە غەلىبە-شان مەن، دەپ،
كوكسۇمگە تاقاپ ئوردېن بولدۇم قەھرىمان مەن، دەپ،
كەلگەندە كورەرمەن شۇ مەرت جەڭچى نىگارىمنى.

ئەي تاڭ شامىلى! ئۇچقىن يارىم قېشىغا تېز بار!
يۇرتۇم ھېدىدىن چاچقىن چېگراغا گويا ئىپار!
قەلبىمنى-سالامىمنى قىل ئەينى بىلەن ئىزھار!
توت كوزدە كۈتۈپ تۇردۇم خىزمەتكە بولۇپ تەييار!
كەلگەندە سۇناي لەۋدىن پاك ئابۇ زىلالىمنى.

1980 - يىل.

# قىشلاقتا باھار

## (غەزەل)

تەبەتكە باھار كەلدى، يوقالغاچ قىش-زىمىستانلار،
نىگار ۋەسلىگە يەتكەندەك كۆلۈپ جانلاندى ھەر يانلار.

يېشىل مەخمەل لىباس كىيدى دالا گوياكى ئۈستىگە،
كوتەردى دىلدىكى زەڭنى چىرايلىق باغۇ-بوستانلار.

ئېچىلدى قىر ۋە باغلار گۈل-چېچەكلەر خىلمۇ-خىل رەڭدە،
كورۈندى كوزگە مىڭ ناز-جىلۋە بىرلە گۈل-گۈلۈستانلار.

گۈپۈلدەپ گۈل پۇراپ دۇنيا كوڭۈلنى زوقىقا تولدۇردى،
ۋە قەلبتە قوزغىدى نازۇك لىرىك تۇيغۇ-ھاياجانلار.

باھارغا تەنتەنە ئەيلەپ چۇرۇقلاپ سايرىدى قۇشلار،
ناۋا قىلغانغا ئوخشاش بەزمىدە نۇرغۇن غەزەلخانلار.

زىلال كوكتە قۇياش پارلاپ زىمىنگە توكتى ئەلۋەك نۇر،
ئېرىپ قار-مۇزلار زەمزەمگە قېنىشتى... چول-باياۋانلار.

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com

يېزا-قىشلاق تەڭ ئاتلاندى ئۇلۇغۋار روھ بىلەن جەڭگە،
بىلىپ قەدرىنى پۈرسەتنىڭ قىلىپ مېھنەتتە جەۋلانلار.

قىزىپ كەتتى دالا ئۆزرە تېرىلغۇ جەڭلىرى، ئايھاي!
پىداكارلىقنى كورسەتتى راسا بۇ جەڭدە پەلۋانلار.

ئاشۇ مەردانىلەر غەيرەت، سۇبات تاشقان بۇلاق خۇددى،
ئۇلارنىڭ چېھرىدە شاتلىق يانار قەلبىدە گۈلخانلار.

ئىشەنچ كامىل بۇ يىلمۇ ھەم ھوسۇلنى ئالغىلى تاغدەك،
بۇڭا بەرگەن ئۇچۇن پارلاق سىياسەت* كەڭرى ئىمكانلار.

دىمەك بىزدە باھار شۇنداق گۈزەل ھەم خاسىيەتلىكتۇر،
يازار ئابدۇرېھىم ئىلھام ئېلىپ دەۋرگە داستانلار.

1980 - يىل.

---

* سىياسەت — پارتىيىنىڭ يېزىلارغا قاراتقان يېڭى سىياسەتلىرى.

# گۈل

(غەزەل)

پەسلى كوكلەم پەيتىدە كوكلەپ باراقسانلاشتى گۈل،
چىن مۇرادىغا يېتىپ، يايراپ پورەكلەپ ئاچتى گۈل.

كوركىدە ئۆزلۈق-نازاكەت قىلدى جىلۋە-تەنتەنە،
يالتىراپ رۇخسارىدا كۈن نۇرىنى چاقناتتى گۈل.

ئىچ-ئىچىدىن شاتلىغى ئۇرلەپ غۇرۇردا قىلدى زوق،
بىر كېلىشكەن نازىنىدەك ھەر كوڭۈلگە ياقتى گۈل.

ۋەسلىگە يەتكۈزدى بۇلبۇلنى ھىجىر سەھراسىدىن
قەلبىدە قوزغاپ ناۋا چاڭ كەلتۈرۈپ سايراتتى، گۈل.

سوقسا يۇمشاق تاڭ ساباسى ئەيلىدى ناز ئەركىلەپ،
ئەتتى ھەر يانىنى مۇئەتتەر مۇشكى ئەنبەر چاچتى، گۈل

دورىغاندەك ئىشتا تەر توككەن چىۋەرلەرنى گويا
تاڭدا زۇمرەتتەك سۈزۈك شەبنەملىنى پارلاتتى گۈل.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى
www.uyghurkitap.com

خۇش تەبەتتىن سۈنۇلغان مىسلى زۇمرەت جامىدەك،
دىلخۇمارلارنى گۈزەللىك مەيلىدىن ئۇتلاتتى گۈل.

ھوسنىگە قوشتى ھوسۇن باغچا، يېزا ـ قىشلاقلىنىڭ،
پاك ـ چىرايلىق لىغ ئىلە ھورمەت ـ ئىناۋەت تاپتى گۈل.

بولدى ئىززەت شان ـ شەرەپ ۋە سويگۈنىڭ چىن بەلگىسى،
قەھرىمانلار كوكسىگە ئالقىشلىنىپ ئورناشتى، گۈل.

دەۋرىمىز خۇددى باھاردۇر، بەختىمىز گۈلگە سىما،
قەلبىدە ئابدۇرېھىمنىڭ تەسرات قوزغاتتى گۈل.

1980 ـ يىل.

## يېزا قىزى
(غەزەل)

يېزامدا بىرگۈزەل قىز بار، ئەجەپ ئىشچان ئانار يۈزلۈك،
سىياقى تاڭ گۈلى ئوخشاش كېلىشكەن قاپ ـ قارا كوزلۈك.

ھايا ـ ئەخلاق، پەزىلەتتە يېتىشكەن خوپ كامالەتكە،
مۇلايىم خۇش پېىل، كەمتەر، سەممى قەن ـ شىكەر سوزلۈك.

ئۇنى تەرىپ ئېتىپ ھەممە چۇشۇرمەيدۇ ئېغىزلاردىن،
ئۇنى ماختايدۇ ھەتتاكى چىمەننىڭ بۇلبۇلى ئۇنلۇك.

چىقار ئەمگەككە ھەركۈن ئۇ كۇمۇشرەڭ تاڭ سۇزۇلگەندە،
مەڭىز رەڭگى بىلەن گويا قىلىپ مەشرىقنى گۇلگۇنلۇك.

ئېتىزدا ئىشلىسە زىننەت تاپار چەكسىز-دالا تۇزلەر،
توكۇلگەن تەرىدىن تارتار گويا ئۇنچە رەشىق-كۇنلۇك.

كۇرەش مېھنەتتە ئۇزگەندە قىلىشماس ئەر-يىگىتلەردىن،
قىياپەت، روھىدىن تارقاپ تۇرار غەيرەت ۋە سەزگۇرلۇك.

سەھەردىن كەچكىچە ئىشلەپ ھېرىپ-چارچاشنى بىلمەيدۇ،
تېپىلمايدۇ ئىشىدىن سور-ئەۋەن ھەتتاكى كەمتۇكلۇك.

ھورۇنلۇقنى كورۇپ دۇشمەن يولاتمايدۇ ئۇزىگە ھىچ،
قىلار زىرى-زەبۇن دەرھال يولۇقسا ھەرنە مۇشكۇللۇك.

ئۇنىڭ ماھىر قولى كەلمەيدىغان ئىش يوق ئېتىز-ئويدە —
تېرىش، ئاسراش، ئوراش، ساقلاشلىدا كامىل ئومۇمىيۇزلۇك.

تاپار مېھرى بىلەن پەرۋىش زىرائەت چارۋا-ئورمانلار،
يېتىلگەن ھەر باشاق، نىمەتتە بار ئەجرى تۇمەن-تۇرلۇك.

www.uyghurkitap.com

ئۆنىڭ تەر ـ ھەسسىسى بىرلە يېزام بولماقتا جەننەتتەك.
قۇچۇپ ھەر بىر كۆرەشلەردە، شەرەپ ـ شان، غەلىبە ـ
ئۈستۈنلۈك.

پۈتۈن يۇرت "ئۈلگىلىك قىز" دەپ ئاتا بەردى شەرەپلىك نام،
بۈنىڭدىن كوكسىگە قوندى سولاشماس قىپ ـ قىزىل گۈللۈك...

1980 ـ يىل.

## قوغۇن ھەققىدە غەزەل

جىمىكى نازۇ ـ نېمەتلەر ئارا سەن موتىۋەر قوغۇن،
ئەزىز نامىڭ ئاتالغاندا ئېغىزغا سۇ كېلەر قوغۇن.

چىقارسەن شۇنچە مول، سەر خىل ئانا يۇرتۇم ــ بېھىشمىدىن،
ئەمەستۇر سەن ئىلە داڭلىقكى بىزدەك ھېچقەيەر، قوغۇن.

كامال تاپساڭ سىياقىڭغا پۈتۈلگەي تورلۇشۇپ خەتلەر،
پىچاق تەگسە چۈرۈكلۈكتىن ئېتىڭ سايراپ كېتەر، قوغۇن.

يېتىشمەيدۇ لەزىزلىكتە ساڭا نى ـ نى مەئىشەتلەر،
قالۇر ئالدىڭدا ھەتتاكى ھەسەلمۇ بىنەزەر، قوغۇن.

ئېغىز تەككەندە گوياكى يارار تاتلىقلىغىڭ تىلنى،
تاراپ شەرۋەتلىرىڭ-شىرنەڭ بەدەننى مەست ئېتەر قوغۇن.

تۇرار توت پەسلى ئۇزگەرمەي ئەسىل تەم، رەڭگى-رۇخسارىڭ،
مۇيەسسەر بولغىلى دىللار ساڭا زەپ ئىنتىلەر، قوغۇن.

كېسە للىككە شىپالىقسەن ۋە چاڭقاقلارغا ئۇسسۇزلۇق،
بىرەر نوۋەتلى بەھرىڭمۇ ئومۇرۋايەت يېتەر، قوغۇن.

پىچىلساڭ نەدە، شۇ يەردىن ھىدىڭ كەتمەس ئاسانلىقچە،
پۇراغىڭ ئالدىدا مىسلى ئىپار ئەيلەر ھەزەر، قوغۇن.

سېنى شۇنداق لەزىز قىلغان نەئەجىر باردۇ، نەھىكمەت؟
ۋەيا ئوسكەن يېرىڭ تەكتىمكىن قەندۇ-شىكەر، قوغۇن؟!

باھاسى ھەرتىلىمگىنىڭ گويا تىللاغا ئەرزاندۇر
دىخان، باققالغا قىلمايسەن تىجارەتتە زەرەر، قوغۇن.

سېنىڭدىن داستىخان زىننەت تېپىپ دىللار بولۇر خوشنۇد،
لىگەنۇ-تەخسلەر ئۇزرە جامالىڭ جىلۋىگەر، قوغۇن.

باياشات تۇرمۇشىمىزنىڭ سېنىڭسىز بولمىغاي پەيزى،
تاپار مەمۇرچىلىق سەندىن يېزا-قىشلاق، شەھەر، قوغۇن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تەمەننا ئەيلىسەم ھەقلىق سىڭگەندەك نىمتىمدىن مەن،
جاھان بازارىدا نەرقىڭ ــ باھايىڭ خۇددى زەر، قوغۇن.

سىنى شۇنداق يېتىشتۈرگەن ۋەتەن، ئەمگەككە بارىكاللا،
سۇپاتىڭ پۈتمىگەي ئابدۇرېھىم يازسا ئەسەر، قوغۇن.

1980 ــ يىل.

## مۇقامىم، يەنىمۇ ياڭرا!

(مۇخەممەس)

ئىشتسەم ھەرقاچان دوستلار شۇ ئون ئىككى مۇقامىمنى،
ۋۇجۇدۇم قەن كەبى ئېرىپ، قۇچار لەززەت بۇ جانىمنى،
ئىچىمگە پاتقۇزالمايمەن مۇھەببەت ــ ھېسسىياتىمنى،
سېزەرمەن ئەرشى ئەلادا ئورۇن ۋە ئېتىۋارىمنى،
بولۇرمەن خۇددى تاپقاندەك چىمەنزار ئىچرە يارىمنى.

شۇ ئون ئىككى مۇقامىمنى ئەزىز خەلقىم ئىجات قىلغان،
تېپىلماس ئۇشبۇ گوھەرنى تېپىپ تارىمنى شات قىلغان،
جاھان سەنئەت بېغىنى ھەسسىسى بىرلە ئاۋات قىلغان،
تالانتى توھپىسىدىن كوزگە ئىلماسلىقنى مات قىلغان،
ئۇلۇغلۇق مۇنبىرىدە ياڭرىتىپ قالۇن ساتارىمنى.

ئۇنى سويدى ئەسرلەردىن بۇيان كۆرمىگـلىگان ماھىر:
ئامانىسا، بىلال، مەشرەپ، زەلىلى...پەھلىـۋان سادىر،
ئۇنىڭ بىرلە ئۇلار قىلدى ئىسىل ئارزۇسىنى زاھىر،
چېلىپ ئىشقىنى ئىزھار ئەتتى يارىغا غېرىپ...تاھىر،
ئۇزىگە قىلدى سىرداش، ئاشنا بۇ دىلئارامىمنى.

بولۇپ كەلدى ھەممىشەم ئۇ كۆرەش-جەڭلەردە ئوتكۆر تىغ،
رەقىپنى ۋەھىمگە سالدى يۈرەك-قەلبىن قىلىپ جىغ-جىغ،
دىلى تەشنانى قاندۇردى بولۇپ ئابـى ھايات يەگلىغ،
بەخش ئەتتى جاپاكەشكە زىمىستان قىشتا نۇر-ئىسسىغ،
ئازاپ دەشتىدە كورسەتتى يىراقتىن لالە زارىمنى.

جاھالەتنى سۈرۈپ سۇبھى كۇلۇپ كۇن، چاچتى نۇر-ئالتۇن.
زىمىنۇ-ئاسمان چېھرى ئېچىلدى، بولدى ئەل مەمنۇن،
ھايات گۇللەپ كى جەننەتنى ئۇزىگە ئەيلىدى مەپتۇن،
قېتىلدى ساز، مۇقامىمنىڭ كۇيىگە يېپ-يېڭى مەزمۇن،
يۈرەكتىن كۇيلىدى نۇرغۇن تۇرداخۇن ھور زامانىمنى.

مۇقامىم ئەۋجىگە يەتكەندە كوكنى باستى ئاپەت-جۇت،
ۋەتەن زۇلمەتكە ئايلاندى ۋە بولدى سەنئىتىم نابۇت،
پاشانىڭ غىڭشىشى سەزدى مۇقامىمنى شۇ توت نەمرۇت.*

---

* نەمرۇت — قەدىمىي زاماندا ئوتكەن پادىشا. رىۋايەتـلەردە ئېيتىـلىشـچە، ئۇ، خۇدالـىق دەۋاسـىنى قىلغانلىقـتىن ئالـلاتائالا بىر پاشا ئارقىلىق مېڭىسىنى چاقتۇرۇۋەتكەن.

يوقاتتى كىمكى ياقتۇرسا ئۇنى دەرھال قىلىپ تۇت ـ تۇت،
بىلەن ئەگدى كوتەرگەندە زىمىن چەككەن ئازارىمنى.

يوقاتتى جادىگەرلەرنى ئۇلۇغۋار پارتىيەم بىر يول،
كوكۇللۇك گۇلباھار كەلدى، ئېچىلدى بارچە سۇنغان گۇل،
تەرەننۇم قىلدى شەۋق بىرلە ناۋا ئېيتىپ تۇمەن بۇلبۇل،
ناۋا ئەۋجىدە چاپتى توت نىشان بويلاپ تۇمەن دۇلدۇل،
مۇقامىم ئىلكىگە ئالدى دىمەك بۇ نەۋ باھارىمنى.

قاراڭ، ئۇ ياڭرىماقتا شوخ، چىرايلىق سەھنە ـ زاللاردا،
يېزا ـ قىشلاق، قىسىم، مەكتەپ، ئاۋۇل، زاۋۇت ۋە كانلاردا،
پەخىرلەر قوزغىماقتا شات ـ بەختلىك خۇشچىرايلاردا،
ئىگە بولماقتا ئالقىشقا كورەكلەر ـ پىستىۋاللاردا،
چومۇلدۇرمەكتە شوھرەتكە، شەرەپكە بۇ دىيارىمنى.

راسا ياڭرا مۇقام، سازىم ئۇنۇڭ ئاي، مارسقا ئاڭلانسۇن!
بۇ چەكسىز كەڭ پازا گويا يېشىل سەھنەڭگە ئايلانسۇن!
ئۇنۇڭ ئاڭلاپ ئۇلۇغ ئەجداتلىرىمنىڭ روھى شاتلانسۇن!
بېرەي ئىلھام سەپەرداشلارغا، سەلدەك غەيرىتى تاشسۇن!
ئاشۇرسۇن ئىشقا بالدۇرراق زامانلاشماق شوئارىمنى.

1981 ـ يىل.

# تۈگىمەس بايلىق

(چوچەك)

بىلىملىك ئەر خار بولماس.

— خەلق ماقالىسى

ئۆتكەن ئىسكەن بۇرۇندا
بەكمۇ مەشھۇر بىر ئالىم.
ياخشى ئەخلاق خىسلەتلىك
خۇش پېئىل ۋە مۇلايىم.

يوقكەن ئۇنىڭ پاراسەت،
ئىختىداردا تەڭدىشى.
قايىل ئىكەن ئۇنىڭغا
شۇ زاماندا ھەركىشى.

مىسالى ئۇ ئىلىم-پەن—
ئالىمدە ئاي ئىكەن.
ئىچى پۈتمەس غەزىنە
گوھەرلەرگە باي ئىكەن.

www.uyghurkitap.com

ئوقۇيدىكەن كۈنۈ — تۈن
كىتاپلارنى بېرىلىپ.
كەتمەيدىكەن يولۇققان
جاپالارغا يېڭىلىپ.

چوڭقۇر پىكىر يۈرگۈزۈپ
قىلار ئىكەن تەتقىقات.
يارىتاركەن تىنىمسىز
ئىجادىيەت ـ كەشپىيات.

ئۆتكۈزەركەن ۋاقتىنى
شۇ يوسۇندا ئۈنۈملۈك.
يوقكەن ئاڭا بۇنىڭدىن
ئەۋزەلرەك ئىش كۆڭۈللۈك.

يېزىپتۇ ئۇ ئۆمرىنىڭ
ئاخىرىدا بىر كىتاپ.
يۈرەك قېنى ـ زېھنىنى
بۇ ئىش ئۈچۈن بېغىشلاپ.

بىلەر ئىكەن جەمىكى
پەن ـ بىلىمنىڭ بارىنى.

تاپالاركەن ھەرقانداق
مۇشكۇل ئىشقا چارىنى.

ئۇنىڭ ئۈچۈن بىلىمدەك
ئەزىز نەرسە يوق ئىكەن.
ئىلىم-پەننى سۆيسە كىم
ئاڭا ئۇ بەك زوق ئىكەن.

تاجۇ-تەخت ۋە مەنسەپلەر
قەدىرسىزكەن ئالدىدا.
ئەل-ۋەتەننىڭ قايغۇسى
ئىكەن دائىم يادىدا.

ياقتۇرماسكەن زادىلا
پۇل دۇنيالار يىغىشنى.
بۇنىڭ بىلەن بى باھا
ئۆمرىن ئىسراپ قىلىشنى.

كىتاپ ئىكەن شۇنچە چوڭ،
ھەم ئاجايىپ خىسلەتلىك.
سەھىپىسى ئالتۇندىن،
گەپ سوزلىرى ھىكمەتلىك.

كىمكى ئۇنى يار تۇتسا،
بار ئىلىمنى بىلەركەن.
كوڭلىدىكى ھەرقانداق
ئارزۇسىغا يېتەركەن.

ئوقۇپ تاشقا ھۆرگەندە،
تاشلار ئالتۇن بولاركەن.
ھۆرسە قۇرۇق قاچىغا،
غىزالارغا تولاركەن.

ھۆرسە قاخشال دەرەخقە،
كوكلەپ مىۋە بېرەركەن.
ھۆرسە سۈرەت-رەسىمگە،
كۈلۈپ تىلغا كىرەركەن.

ھۆرسە سۇغا، سۇ شۇ ئان
بال بولاركەن بەك لەزىز.
ھۆرسە چولگە، چول گۈللەپ
يەلپۈنەركەن گۈل دېڭىز.

ھۆرسە ئۇزاق سەپەردە،
قىسقىراركەن يىراقلىق.

ھۇرسە ئەگەر ياغاچقا،
ئات بولاركەن قاناتلىق.

ھۇرسە ئۇلگەن كىشىگە،
كىرەر ئىكەن قايتا جان.
ھۇرسە جەڭدە دۈشمەنگە،
يوقىلاركەن شۇ زامان.

خىسلەتلىرى كىتاپنىڭ
كوپكەن، دىمەك ناھايەت.
تۇتسا ناپاك، بولماسكەن
تەلەپلىرى ئىجابەت.

كىمكى ئۇنى ئوقۇسا
دىلغا پۈكۈپ يامانلىق،
كوزى ئېقىپ كور بولۇپ
تاپار ئىكەن زاۋاللىق.

پەرزەنتلىرى ئالىمنىڭ
بىلمەس ئىكەن بۇ سىرنى.
ئىشتىمگەنكىن ئاتىدىن
بۇ ھەقتە ھىچ پىكىرنى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بىر كۈن ئالىم يېنىغا
بالىلارنى كەلتۈرۈپ،
دەپتۇ: "قېرىپ قالدىم مەن؛
ياشالمايمەن ئانچە كۆپ.

مەندىن كېيىن قالساڭلار،
ئۇتۇشۇڭلا بوپ ئىناق.
ئىلىم-پەنگە باغلاڭلار
ماڭا ئوخشاش ئىشتىياق.

كىم ئىلىمنى يار تۇتسا،
خار بولمايدۇ ئەبەتكە.
ئۆلگەندىمۇ كومۇلمەس
روھى ئۇنىڭ لەھەتكە.

بېغىشلىدىم سىلەرگە
ھەنىنىۋا مال-مۈلكۈمنى.
كوزۇم ئوچۇق چېغىدا
بولۇپ قويای مەن ئۇنى:

چوڭۇڭلارغا تەئەللۇق
بولسۇن يازغان كىتاۋىم.

كىچىكىنىلەرگە تەئەللۇق
بولسۇن قامۇس كىتاۋىم".

قوشۇلۇپتۇ باللار
دادىسىنىڭ پىكرىگە.
مىننەتدارلىق تۇيغۇسى
يۇگۇرۇپتۇ چېھرىگە.

دەپتۇ چوڭى ئىچىدە:
"تەلەيلىكمەن نىم دىگەن؟
ھەممە ۋەجنى بەرگىنى
بولدى ماڭا بەك بەلەن!

ئىنىم ئالدى بىر قولتۇق
قۇرۇق قەغەز-كىتاپنى.
مىراس ئەمەس، بەلكى بىر —
ئاۋارچىلىق-ئازاپنى.

كۇنى ئۇنىڭ ئۆتكۇسى
مۇھتاجلىقتا قىينىلىپ.
قىلىپ قۇلۇم-چاكىرىم
يەيمەن ئۇنى ئىشلىتىپ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كاتتا ئالىم دەيدىكەن
دادامنى بار خالايىق.
بۇ بېرىلگەن نام ئاگا،
ئەمەس ئىكەن مۇۋاپىق.

ئاددىسى بىر مىراسنى
بولەلمىسە جايىدا،
بولسۇن قانداق ئاتاشقا
ئۇنى ئالىم نامىدا؟!"

كۈنلەردىن كۈن ئۆتۈپتۇ،
ئايلاردىن ئاي ئۆتۈپتۇ.
پاراسەتلىك ئالىممۇ
بۇ دۇنيادىن كېتىپتۇ.

ئاكا-ئۇكا بىر ئۆيدە
ياشىشىپتۇ بىر مەھەل.
ئەمما چوگى قىلماپتۇ
نەسىھەتكە ھېچ ئەمەل،

ئۇكىسىنى ئاكىسى
بەكمۇ بوزەك ئېتىپتۇ.

چەكلەپ مەكتەپ ـ ئوقۇشتىن
تىللاپ، ئۇرۇپ ـ تېپىپتۇ.

ئىككى گەپنىڭ بىرىدە
دەپتۇ: "پايداڭ يوق سېنىڭ.
نانني يېدىڭ بىكارغا
ئۆيدىن چىق سەن، ئوي مېنىڭ!"

ئىنىسىنى ئاخىرى
ماكانىدىن قوغلاپتۇ.
قوغلىغاندا: "يوقالغىن،
سەندەك ئىنىم يوق!" دەپتۇ.

توكۇلۇپتۇ يامغۇردەك
ئۇكىسىنىڭ ياشلىرى.
يىغاندىن ئېرىپتۇ
ھەتتا تاغنىڭ تاشلىرى.

مەلۇم مەزگىل ئاكىسى
يالغۇز ياشاپ بېقىپتۇ.
بۇ تۇرمۇشتىن زېرىكىپ
ئۇچ ـ توت ياران تېپىپتۇ.

ئۇلار بىلەن ھەر كۈنى
ئۆتكۈزۈپتۇ بەزمىلەر.
ھاراق-نەشە، قىمارغا
بېرىلىپ ئۇ رەزگىلەر.

ئاز كۈن ئۆتمەي تۈگەپتۇ،
ئوغۇلنىڭ پۇل-ۋەجلىرى.
يۈكلەنگەچكە ئۈستىگە
دوستلىرىنىڭ خەجلىرى.

ئېغىر كۈنلەر چۈشۈپتۇ
ئۇنىڭ قايغان بېشىغا.
كەلمەيدىغان بولۇپتۇ
ئۇلپەتلىرى قېشىغا.

سېتىپتۇ ئۇ ئاخىرى
قوراسىنى بولالماي.
باشقا ئەلگە كېتىپتۇ
ئۆز يۇرتىدا تۇرالماي.

*

گەپنى ئەمدى ئاڭلايلى
ئۇكىسىنىڭ ھالىدىن:

قوغلۇنۇپ ئۇ توغۇلغان
قەدىردان ئوي-جايىدىن.

سەرگەردان بوپ يۇرت كېزىپ،
بىر گۇمبەزنى تېپىپتۇ.
ماكان قىلىپ بۇ يەرنى
كېچىلىرى يېتىپتۇ.

كۇندۇزلىرى مەكتەپتە
ئۇگىنىپتۇ دەرس-ساۋاق.
يورۇتۇپتۇ ئۇستازى
دىلىغا يېقىپ نۇر-چىراق.

ئايرىماپتۇ كىتاپنى
ھەرقاچان ئۇ يېنىدىن.
ئەتىۋالاپ ساقلاپتۇ
ئەۋزەل كورۇپ جېنىدىن.

تەكرارلاپتۇ گۇمبەزدە
دەرسنى بىر كەچقۇرۇن.
ئۇخلاپ قاپتۇ چارچاپ ئۇ
ئۇگەنگەچكە بەك ئۇزۇن.

بوپتۇ بىردىن نامايان
كوز ئالدىدا دادىسى.
دەپتۇ: "قانداق ئەھۋالىڭ
ئەي كوزۇمنىڭ قارىسى؟"

ئوغۇل شۇئان بولاقتەك
ياشلىرىنى توكۇپتۇ.
بارلىق كەچمىشلىرىنى
بىر-بىر سوزلەپ ئوتۇپتۇ.

بىشىن سىلاپ دادىسى
دەپتۇ: "ئوغلۇم، رەنجىمە!
ئاكاڭ بولدى ئاشۇنداق
بەكمۇ ئەسكى بىر نىمە.

ئوبدان قىپسەن مەكتەپكە
كىرىپ بىلىم ئوگونوپ.
قالدىم مەنمۇ سىنىڭكى
بۇ ئىشىڭدىن سويۇنوپ.

ئوقۇغاننىڭ پايدىسى
بىلسەڭ، بالام بىھساپ.

تىلىگىنىگە يەتكۈزەر
ئىلكىمدىكى شۇ كىتاپ."

خىسلىتىنى قامۇسنىڭ
بايان قىلىپ ئۇتۇپتۇ.
دۇئا قىلىپ ئۇمرىگە
غايىپ بولۇپ كېتىپتۇ.

ئۇيغۇنۇپتۇ ئۇيقۇدىن
ئېچىپ بالا كوزىنى.
شات ۋە تېتىك ھىس قىپتۇ
نىمىدىنىدۇ ئۇزىنى.

كىتاۋىغا تېخىمۇ
مۇھەببىتى بېرىپتۇ.
ئوقۇپ بىر بەت بىر تاشقا
"ئالتۇن بول!" دەپ ھۇرۇپتۇ.

بوپتۇ ئالتۇن قورام تاش
ۋال-ۋۇل قىلىپ شۇ زامان.
كورۇپ ئوغۇل بۇ ھالنى
بوپتۇ قالتىس شادىمان.

بۇ ئالتۇننى بازاردا
سېتىپتۇ كوپ پۇلغا ئۇ.
تۇرمۇشنى ئوراپتۇ
مىسالى بىر گۇلگە ئۇ.

ياسىتىپتۇ ئازادە،
گۈزەل يېڭى ئىمارەت.
قىپتۇ خەققە ياخشىلىق
تېپىپتۇ كوپ ئىناۋەت.

ياخشى يەردىن ئويلۇنۇپ
بوپتۇ بالا - چاقىلىق.
ئوتكۇزۇپتۇ كۇننى
كورمەي ئەلەم - خاپىلىق.

ئۇگىنىپتۇ ھەركۇنى
ئۇستازىنى تاشلىماي،
خىيالنى غەپلەتنىڭ
كوچىسىغا باشلىماي.

ئۇزاق ئوتمەي بۇ بالا
بوپتۇ تولغان بىر ئالىم،

دادىسىدەك ئاقكوكۆل
تەرىشچان ۋە مۆلايىم.

*

ئايلاردىن ئاي ئۆتۈپتۇ،
يىللاردىن يىل ئۆتۈپتۇ.
ئۆيدە ئوغۇل ئولتۇرسا،
بىرسى ئىشىك قېقىپتۇ.

چىققان ئىكەن تالاغا،
تۇرۇپتۇ بىر قەلەندەر.
چېچى ئۇسكەن، يالاڭياق،
جۇل-جۇل كىيىم شۇ قەدەر.

نەزەر سېلىپ ئۇنىڭغا
شۇ زاماتلا تونۇپتۇ.
قەلەندەرمۇ ئىنىسىن
كورۇپ خىجىل بولۇپتۇ.

بېرىپ ئوغۇل تونۇشلۇق
دەپتۇ: ئاكا ئويگە كىر!
سەن بىلەن مەن بىر تۇققان،
بىزنىڭ ئاتا-ئانا بىر.

ئېلىپ كىرىپ ئۆيىگە
قىپتۇ ئىززەت-ئىكراملار.
كەلتۈرۈپتۇ ئالدىغا
نازۇ-نېمەت تائاملار.

سوزۇلۇشۇپتۇ ئۇزئارا،
ئوچۇق-يورۇق ئولتۇرۇپ.
جۇدالىقنى تۇقانلىق
سۆيى بىلەن قاندۇرۇپ.

دەپ بېرىپتۇ ئاكىسى
باشتىن كەچكەنلىرىنى.
...قىلىپ ھەتتا ئوغۇرلۇق
ئازاپ چەككەنلىرىنى.

ئاڭلاپ بۇنى ئۇكىسى
ئاغرىتىپتۇ ئىچىنى.
جاي بېرىپتۇ يېنىدىن
يېقىن تۇتۇپ دىلىنى.

ئېسىل لىباس كىيدۈرۈپ،
مىنىشىنى ئات قىپتۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بېرىپ نۇرغۇن پۇل - پىچەك
كوڭلىنى بەك شات قىپتۇ.

كۈنلەردىن كۈن ئۆتۈپتۇ،
ئايلاردىن ئاي ئۆتۈپتۇ.
ئىنىسىنى كورەلمەي،
ئاكىسى دەرت يۇتۇپتۇ.

دەپتۇ بىر كۈن: "ئەي ئۇكام!
كېتىپسەن زەپ باي بولۇپ.
يېيىلىپتۇ شوھرىتىڭ
ھەممە يەرگە تونۇلۇپ.

بېيىشىڭدا سېنىڭكى
باردۇر قانداق سەۋەپ - سىر؟
ئېيتىپ بەرسەڭ يوشۇرماي،
بىلىپ قالسام ئۇنى بىر."

साददا، پاك دىل ئىنىسى
دەپتۇ گەپنىڭ بارىنى.
بىلىۋاپتۇ ئاكىسى
باي بولۇشقا چارىنى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

قايناپ زەھەر ـ ئۇغىسى
ئۇز ئىچىدە دەپتۇ "خەپ!"
تەلەپ قىپتۇ "كىتاپتىن
ساۋاق بەرسەڭ ماڭا" دەپ.

قوبۇل قىپتۇ ئۇكىسى
رەت قىلماي بۇ سوزنى ھەم.
ئىگە قىپتۇ بىلىمگە
بېرىپ قىزغىن ياردەم.

قارا نىيەت تۇققىنى
قىلچە خۇرسەن بولماپتۇ.
ھەسەت تولغان دىلىدا
گويا توڭگۇز قىتراپتۇ.

ئويلاپتۇ: "ئۇ شۇنچىلا
بېيىپ كەتسە بولامدۇ؟
ئوتسەم ئاڭا تەلمۇرۇپ،
ماڭا ياخشى تۇرامدۇ؟!

توختا، ئۇنىڭ كىتاۋىن
قولغا ئاۋال كەلتۇرەي.

ئالتۇن تېپىپ تاشلاردىن
ئاندىن ئۇنى ئولتۇرەي."

دەپتۇ بىر كۈن ئاكىسى،
مەككارلارچە ھىجىيىپ:
"ئوقۇۋالاي جان ئۇكام،
كىتاۋىڭنى تۇر بېرىپ."

ئورۇنلاپتۇ ۋاپادار
ئوغۇل ئۇشبۇ تەلەپنى؛
چۈشەنمىگەچ، بىلمىگەچ
سوراشتىكى سەۋەپنى.

كىتاپنى ئىسپ بەدنىيەت
خالى ئويگە كىرىپتۇ.
ئوقۇپ ئۇنى راسلىغان
قورام تاشقا ھۇرۇپتۇ.

لېكىن يوغان قورام تاش
ئايلانماپتۇ ئالتۇنغا.
بۇ ئەھۋالدىن يۈرىگى
تولۇپتۇ دەرت-يالقۇنغا.

دەپتۇ: "مېنى ئالداپتۇ،
ئۇكام دېگەن ھارىمى.
پۈتۈپتىمەن گېپىگە
بولۇپ ئۇنىڭ سارىڭى.

قىلالمىسۇن قانداقمۇ
كىتاب دېگەن تاشنى زەر؟
بۇ ئەپسانە پىتنىگە
قانداق ئادەم ئىشىنەر؟!

بولسا راستىن كىتاپتا
شۇنداق خىسلەت، خاسىيەت،
دىمەس ئىدى سىرىنى
زادىلا بۇ كاساپەت."

ئاكىسىنىڭ ئېگىزغا
كەلگەندە بۇ كوزقاراش،
دەھشەتلىك بىر ئۈن بىلەن
يېرىلىپتۇ قورام تاش.

چىقىپتۇ-دە ئىچىدىن
ياقاقتەك چوڭ ھەرىلەر.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قونۇپ تويماس كوزىگە
ساپتۇ ئاچچىق نەشتەرلەر.

پەريات قىلىپ ئاكىسى
كور بولۇپتۇ، ئۇلۇپتۇ.
ئاچكوزلۇكنىڭ زىيىنى
ئەنە شۇنداق كورۇپتۇ.

*

دىمەك، ئىلىم-بىلىمگە
ھىچ مال-مۈلۈك يەتمەيدۇ.
بىلىمنى كىم دوست تۇتسا،
ئەجرى بىكار كەتمەيدۇ.

1981 - يىل ماي.

## "يولداش، مېنى كەچۈرۈڭ!"

بارار ئىدىم ئالدىراپ،
كەگرى سىمونت يولدا مەن.
ياققا تولغان قاپاقنى
كوتەرگەنتىم قولدا مەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

گۈزەل رەستە ـ كوچىدا،
ئادەم شۇنچە جىق ئىدى.
كوركى شۇ دەم كوچىنىڭ
مىسلى گۈلزارلىق ئىدى.

ئوتىشەتتى كىشىلەر
ئۆزۈلمەستىن شات ـ خورام.
بىر بىرىنى ياقتۇرۇپ،
قىلىپ ئىززەت ـ ئېھتىرام.

"جاق" قىـپ قالـدى ئۇشتۇمتۇت،
بىرى ماڭا ئۇرۇلدى.
سۇندى ياغلىق قاپىغىم،
يېغىم يولغا قۇيۇلدى.

يوققا چىقتى ئويۇمنىڭ
كەچلىك لەغمەن يېيىشى،
ئانىسىنىڭ قىزىمغا
قۇيماق سېلىپ بېرىشى.

قۇلۇغۇمغا ئاڭلاندى،
شۇ دەم خۇددى بۇ سادا:

"گوش، سەي توغراپ تۇرايلى،
پاتراق كەلگىن ئەي دادا!"

باقتىم غەزەپ-نەپرەتتە
ئالدىمدىكى كىشىگە.
كەلگەچ قالتىس ئاچچىغىم
زىيان سالغان ئىشىگە.

ئېيتتىم: "كوزۇڭ موخۇمۇ؟"
يېقىن كەلدىم دەۋەيلەپ.
مۇشتنى تۈگدۈم، تەڭ تۇرسا
كومشىرىغا سالاي دەپ.

ئەلپازىمدىن بۇ دىخان
تۇرۇپ قالدى بولۇپ لال.
ئېيتتى: "يولداش كەچۈرۈڭ؟"
لەۋلىرىدىن توكۇپ بال.

قاتتىق تاشنى ئېرىتەر
ياخشى سوزنىڭ قۇۋۋىتى
يېتلەپ ئېلىپ كېلەلەر
نەجدەرهانى قۇدرىتى.

www.uyghurkitap.com

"كەچۈرۈك" دىگەن شۇ سوزدىن
بىر ئۇلۇغلۇق پارلىدى.
ئېرىپ بىردىن ۋۇجۇدۇم
خاپىلىقلىرىم تارقىدى.

يانچۇغىدىن پۇل ئېلىپ
سۇندى ماڭا هورمەتتە.
دىدى: "ئېلىڭ، زىياننى ــ
تولەش لازىم ئەلۋەتتە".

بۇنداق ئىسىل پەزىلەت ــ
ياخشى سوزگە نىمە دەي؟!
خىجىللىقتىن قىزاردىم
ئالدىدا يۈز كېلەلمەي.

ئېيتتىم: "بولدى، بۇرادەر
يېنىڭىزغا سەپ قويۇڭ.
قىلىپ قالدىم قوپاللىق
ئەپۇ قىلىڭ، ئۇنۇتۇڭ."

*

چېھرىمىزدا تەبەسسۇم
پارلىدى، چىن دوستلاشتۇق.

گۈزەل ئەخلاق ـ خۇلۇقنى
نامايان قىپ خوشلاشتۇق.

1981 ـ يىل ماي.

## سالامىڭدىن...

(مۇخەممەس)

گۈزەل ئەخلاق ـ پەزىلەتنى جىمى ئىشتا نىزام ئەيلەپ،
ئاۋام ئالدىدا ھەر دائىم ئۆزەڭنى بىر غولام ئەيلەپ،
تەكەببۇرلۇق ـ كورەڭلىكنى ۋۇجۇدۇڭغا ھارام ئەيلەپ،
ماڭا يول ئۈزرە ئەي يولداش ئېگىلدىڭسەن سالام ئەيلەپ.
سالام قىلغان چېغىڭدا "ئەسسالام" دەپ سوز ـ كالام ئەيلەپ.

ئۇچۇق گۈلگۈن يۈزۈڭ خۇددى باھار نۇرىنى پارلاتتى،
ئېگىلگەن ئەۋرىشىم قەددىڭ مۇلايىملىقنى تارقاتتى.
پەسىھ لەۋزىڭ ۋۇجۇدۇمغا بەئەينى بالنى يامراتتى،
يېقىملىق ھالىتىڭ ئىلھام بەخش بىر قىسسە ئاڭلاتتى،
ئەجەپ كوڭلۇمگە ياقتىڭسەن مېنى ئۆزۈڭگە رام ئەيلەپ.

سېنىڭ مۇنداق مۇئامىل ـ ھورمىتىڭدىن كوپ سويۈندۇمەن،
دىلىم ئېرىپ سىماپ يەڭلىغ خوشاللىقتا چومۇلدۇمەن،

بۇرادەر ئاشنالىقىنىڭ يىپىغا چىڭ چىگىلدىم مەن،
ئىلىك ئالدىم سالامىڭنى، قىلىپ تازىم ئېگىلدىم مەن،
ئېلىپ كوكسۇمگە قول مەنمۇ ساڭا چىن ئېھتىرام ئەيلەپ.

ئىدۇق بىر چاغدا ئىككەيلەن ئەجەپ ئوچمەن-ئاداۋەتلىك،
كورۇشكە بىر بىرىمىزنى ئەمەستۇق زادى تاقەتلىك،
يولۇقساق ھومۇيۇپ-تۇكۇرۇپ ئوتەتتۇق سوغ قىياپەتلىك،
پىتنىشمايتتۇق قىلىپ جاڭجال، رەقىپ ئەردۇق "قىيامەتلىك"
ئاجايىپ زور زىيان تارتتۇق بۇ ئىش ئون يىل داۋام ئەيلەپ.

كېلىپ نوروز، زىمىستان قىش ۋەتەندىن ئەمدى قوغلاندى،
ئاداۋەت مۇزلىرى ئېرىپ ئاراش-زىتلىق تاماملاندى،
پۈتۈن ئەل ئىنچ-ئىناق بوپ بىر بىرىگە رىشتى باغلاندى،
جىمى جايدا يېڭى خىسلەت — گۈزەللىك شۇنچە جانلاندى،
ئۇلۇغ مەنزىلگە ئات سالدۇق كوڭۇلنى شات-خورام ئەيلەپ.

سالامىڭدىن زامانەمنىڭ پەزىلەت-روھىنى كوردۇم،
خەلقىنىڭ بىر بىرىگە پاك سەمىمى كوڭلىنى كوردۇم،
ئەدەپتە مىللىتىمىزنىڭ مۇقەددەس ئورنىنى كوردۇم،
ئەدەپ-ئەخلاقنى كىم سويسە ئۇنىڭكى قەدرىنى كوردۇم،
سۇناي ھورمەت شارابىن ئەلگە سەندەك دىلنى جام ئەيلەپ.

1981-يىل ماي.

叶尔羌河畔的花朵（诗选）

（维吾尔文）

阿不都斯买提·黑力里
阿不都热依木·司马义 著

责任编辑：亚森·阿瓦孜

责任校对：努尔毕娅

民族出版社出版 新华书店发行

民族印刷厂印刷

开本：787×1092毫米1/32 印张：6 3/4

1982年8月第1版

1982年8月北京第1次印刷

印数：0001—8,000册 定价：0.32元

书号：M10049(4)140